~باتۇر مەندىن ئىمنى سورماقچىتىڭ،شۇنداق دىگىنچە ئەزمەت نۇر بىرسىنى باشلاپ كىردى،نۇرنىڭ باشلاپ كىرگىنى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ

هالاكەت ئارخىپى

ساۋاقدىشىمىز ئەمەس ،بىرقاراشقا 15ياشتەك كۆرنەتتى ،
-نۇر بۇكمۇ ئەمدى دەپ نۇردىن سوردىم ،
~بادوكتۇر بۇمۇھىم خەۋەر ئىلىپ كەپتۇ مەن ئىشنىش ياكى ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي قالدىم يەنىلا خەۋەرچىنىڭ ئۆزى دىسۇن ،... خەۋەرچى ئاۋال ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ،
-مىنىڭ ئىسمىم مەت ئابدۇۋەلى مەت ئابدۇجاپپار بولدۇ قالاڭ ،مىنىڭ كىلىشتىكى مەخستىم بولسا قالاڭ دادام سىلەگە خەۋەر يەتكۈزدىگەچكە كەپقالدىم ئەينا ، مەت ئابدۇۋەلىنىڭ بۇ گەپلىرنى ئۆزۈمنى تۇتالما كۈلۈپ سالدىمدەئۇنىڭغا ،
-ئاتتام—ئاتتام مەت ئابدۇۋەلى مەت ئابدۇجاپپار دىگەننىڭ ھەممىسى سىنىڭ ئىسمىڭما ·دەپ سۇئال نەزىردە مەت ئابدۇۋەلىگە قارىم ،
-ھەمىنىڭ ئىسمىم يا ئەينىكا مەت ئابدۇۋەلى مىنىڭ بوتتا مەت جاپپار دادامنىڭ بوتتىيا ئەينىكا ماڭاقالا مەت دوكتۇر ئاكا گىپىمنىڭ ساقلىنى تارماي قۇلاق سلىپ ئاڭلىساڭ نىم بوتتا موندا ،
-ئى ،گەپقىلاي دەپ ئىغىزىمنى ئىچىشىمغا نۇر بىشنى چايقاپ منى گەپ قىلماسلىققا ئىشارەت قىلدى ،مەت ئابدۇۋەلى سۆزىنى داۋام قىلدى ،
- سىلەر ئىشنىڭلا ياكى ئىشەنمەڭلا ئۆزۈڭلانىڭ ئىختىيارى دادام سىلەرگە خەۋەر قىلىپ قوي دىگەچكە كىپقالدىميا بومىمسا جىن

ئۇۋلاپ كەتكەن يەرگە ھەرگىز كەلمەيتتىم يامەن،بۇيەردە جىن—ئەرۋاھ ـ ئالۋاستىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۇردابار ئۇنىڭدىن باشقا مۇردىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىرپىرخون بار ،ئۇپىرخون نىڭ سىرھىر جادۇسى ناھايتى يامان ،بۇ توغراقلىق قۇملۇق دائىرسىگە كىرىپ بۇپىرخون مۇردىغا ئۇچراپ قالغان كىشىنىڭ ھىچ قايسى ھايات قالمىغان دادامدىن باشقا،مەنمۇ قايتاي بولمىسا مۇردىلاغا ئۇچراپ قالماي يەنە ،ھەراس دادام بۇ خەت بىلەن كىتابنى سىلەرگە ئۆۋەتتى، مەت ئابدۇۋەلى خەت بىلەن كىتابنى ھەسەنگە تەڭلدى،ھەسەن كىتابنى ئىلىپلام مەت ئابدۇۋەلىدىن،

ـ مۇشۇلىما باشقا نەرسە ئەۋەتمىدى، مەت ئابدۇۋەلى جاۋابەن،

ـ ھەشۇ،

ـ مەت ئابدۇۋاققاس ئۆيۈڭ نەدە داداڭنى قانداق تاپىمىز داداڭدىن سورايدىغان ئىشلار بار ئىدى،ھەسەن سۇئال نەزىردە مەت ئابدۇۋەلىگە قاردى، مەت ئابدۇۋەلى ھەسەنگە؛

"مىنىڭ ئىسمىم مەت ئابدۇۋەلى مەت ئابدۇۋاققاس ئەمەس يەنە بىرگە سىلەر ئىرىشمەكچى بولغان جاۋاپنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خەتتە يىزىلغان مەن ماڭدىم ھەراس دادامنى ئاۋارە قىلماڭلا ئۇبەكلا ئالدىراش،دىگىنىچە چىدىردىن چىقىپ كەتتى، چوكانچاق خەتنى ئىچىپ ئوقۇشقا باشدى:؛$ (بۇخەتنى كۆرگەن چىغڭلاردا بەلكىم مىنى ساراڭ دەپ قىلىشڭلار مومكىن ھازىرمىنىڭ ئۇشبۇ خەتنى

يىزۋاتقان ۋاختىم كاللامنىڭ سەگەك ۋاقتى،.......

## 9 ـ باب:مەۋھۇم دۇنيا

چوكانچاق خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:؛

(بۇ خەتنى كۆرگەن چىغىڭلاردا بەلكىم مىنى ساراڭ دەپ قىلىشىڭلار مومكىن ھازىرمىنىڭ ئۇشبۇ خەتنى يىزۋاتقان ۋاختىم كاللامنىڭ سەگەك ۋاقتى، ........

خەت كىتابنىڭ ئىچىدە زىرەك ئەقىللىق ئادەملە بۇخەتنى بايقىيالايدۇ).......

ھەي بۇئادەم راستىنلا ساراڭمۇنىمە؟چوكانچاق سۇئال نەزىردە ماڭا قاراپ قويدى....

—ياق بۇكىشى ساراڭ ئەمەس بۇكىشى بىزبىلەن مۇكۇشمەك ئوينى ئويناۋاتىدۇ،چوكانچاقنىڭ سوزىگە رەدىيە بەردىم...

ـ ئۇنىڭ دىگىنىدەك بولغاندا خەت كىتابنىڭ ئىچىدىكەندە،چوكانچاق شۇنداق دىگىنچە كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى...

—قىنى يوققۇ ئادەمنى كولدۇرلاتقانلىققۇبۇ،چوكانچاق كىتابنى يەرگە قويدى.

—كىتابنى ماڭابەر،چوكانچاق كىتابنى ماڭاسۇندى.

ـ كىتاب پارىسچە يىزىلغان بولۇپ دىگەنىدەك خەت يوق ئىدى،

راستىنلا ساراڭمۇ نىمە دىگىنىمچە كىتابنى چورىۋەتتىم.....
زۇلپىيە بىلەن نۇربىيە كىردى،
—ئۇكىشى خىتىدەدەپتىغۇ زىرەك ئەقىللىق كىشى بۇخەتنى بايقىيالايدۇ،
زۇلپىيەشۇنداق دىگىنچە كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى،
—سىلەردە سەۋرچانلىقتىن ئەسەرمۇ يوقكەن كاللاڭلار ئازراقمۇ ئىشلىمەيدىكەن.
زۇلپىيەشۇنداق دىگىنچە كىتابنى پۇراپ قويدى،،زۇلپىيە نىڭ گىپى چوكانچاققا قاتتىق تەگدى،تولوق ئوتتىرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چىغىمىزدا چوكانچاق دائىم دىگۇدەك ياتاقتاخاتىرە كومپيۇتېر بىلەن بايلىق ئىزدەش دىگەن ئويۇننى بەك ئوينايدىغان، شۇچاغدا مەنمۇ ئويناپ بىقىپ ئىككىنچى مەيداندىن ئوتەلمەي بەك تەسكەن دىگەن ئىدىم،چوكانچاق بولسا ئۆزىنى ماختاپ ئەقىللىق زىرەك ئادەمله ئاخىرقى مەيدانىغا ئۆتەلەيدۇ دىگەن ، مانابۇگۇن زۇلپىيەنىڭ گىپى چوكانچاققا ئېغىر كەلدى بولغاي،
-زولپىيە قىنى دەڭە باشقىلارنىڭ گىپىنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش ئەقىللىق زىرەك ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشمۇ ؟
چوكانچاقنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى،
-قانداق ئىش بولسا بىزدىن يوشۇرماسلىقىڭلار كىرەك ئىدى نىملەدىگەن بىلەن كۆپىنىڭ ئەقلىلى كۆپتە...

زولپيه مەغرۇرلۇق كۈلۈپ قويدى ،خۇددى بىرنەرسىنى بايقىغاندەك ...

ـ ھەممىنى بىلىپ بولغانكەنسىلە يوشۇردىغان يىرمۇ قالمىدى قىنى سىلەرمۇ پىكرىڭلارنى دەپ بىقىڭلار؟

نۇر ئىغىز ئاچتى ،نۇرنىڭ گىپى بىلەن ھەسەننىڭ چىرايى تىنخمۇ ئۆڭۈپ كەتتى ...

ـ ئوغۇللارنىڭ ئىشىغا قىزلانى ئارلاشتۇرۇپ ،چوكانچاق غۇدۇڭشىپ قويدى ،

ـ ئاۋال مەن سىلەرگە نەي چىلىپ بىرەي، {سەھەردىكى چۈش}دىگەن مۇزىكىغا چالدى،(زۇلپيەدىكى نەي زۇلپيە نىڭ ئاپىسىدىن قالغان تەۋەررۈك شۇڭلاشقا نەينى دائىم يىنىدىن ئايرىمايدۇ )زۇلپيە نەي چىلىشتىن توختىدى...

ـ نىمنى ھىس قىلدىڭلار ؟زۇلپيە سۇئال نەزىردە ھەممەيلەنگە بىرقۇر قاراپ چىقتى ،

ـ نىمنى ھىسقىلاتىم شۇ سىزنىڭ {سەسەردىكى چۈش }دىگەن مۇزىكىغا ئامراق ئىكەنلىكىڭىزنى ،ئۇنىڭدىن باشقا مۇزىكىنى چالمادىغالقىڭىزنى ھىسقىلدىم ... ئازراق مەسخىرە ئارلاش كۈلۈپ قيدۇم،

ـ ئۇنداقتا دەپ بىقىڭ قانداق نەرسىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ ،كۆرگىلى ،تۇتقىلى بولمايدۇ، ...بۇگەپنى ئاڭلاپ چوكانچاقنىڭ سەپرايى تۇتتى، ...

ـ شۇنمۇ دىيشىپ كىتەمدۇ ئاۋازنى ،...

چوكانچاقنىڭ جاۋابنى زۇلپىيە نى ئويلىغان يىردىن چىقتىم، ،،،،

ـ قىنى ئەمسە بۇ پۇراپ بىقىڭلار ...زۇلپىيە كىتابنى نۇرغا تەڭلىدى ،،،،،،نۇركىتابنى پۇراپلام ...

~بۇ شام ئىرگەندە مۇشۇنداق پۇراق چىقىردۇ ،

ـ ئەزمەت سىزنىڭ كالىڭىز مائىككى قاپاق باشلارغا قارغاندا بەكرەك ئىشلەيدىكەن ...

زۇلپىيە ،ئاينۇرە ،ساتتار خاپانباش،ھەسەن چوكانچاق {مەن }قاتارلىق بەشىمىز ھاۋادانلىق ئىشتان كىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە مانا مۇشۇنداق ،مەيلى قانداقلا گەپ سۆز بولسۇن يۈزىگىلا دەيدىغان ئادەتنى يىتىلدۇرگەن ...

~ھە خان ئاچا ئۆزلىرى بەك ئەقىللىق بوغاندىكىن قىنى؟چوكانچاق تەنەقىلدى...،،

~زۇلپىيە سىزنىڭچە خەتنى ،،،نۇرگىپنى دەپ بولغىچە زۇلپىيە ؛

ـ شۇنداق خەتنى دەل شامنى ئىرتىپ يازغان، دىدى ، باياتىن بىرى گەپقىلمىغان نۇربىيە ئىغىز ئاچتى ،

•••شامنى ئىرتىپ يازغان بولسا ئۇنىڭ ئىشى ئازراق قىزدۇرسا قىلام خەت كۆرىدۇ، مەن چىقىپ ئاشپەز ئۇستامنىڭ قىشىدىن چوغ ئەكرەي ،نۇربىيە شۇنداق دەپ چوغ ئەكىرىشكەماڭدى ،زۇلپىيە كىتابنى پۇراپ يۈرۈپ ئاخىرقى ئۈچ بەتكە يىزىلغانلىقنى

جەزىملەشتۈردى، نۇربىيە كونسرۋا قۇتىسنى كۆتۈرگىنچە كىردى،
•••مانازۇلپىيە ئاۋايلاك قولىگىزنى كۆيدۈرۋالماڭ ھە ،......نۇربىيە زۇلپىيە گە كونسرۋا قۇتىسنى بىلەن پەلەيىنى تەڭلىدى، خەتمۇ ئىنىق كۆرۈندى زۇلپىيە خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى ،،،
ـ({ئۇشبۇ خەتنى بايقىيالىغانىكەنسىز ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق زىرەك ئادەمكەنسىز بۇ15يىلنىڭ ئالدىدا يۈزبەرگەن سىز تۇرۋاتقان مۇشۇ يەردە قۇم ئاستىغا يىرىم كۆمۈلۈپ ياتقان ناھايىتمۇ كۆركەم سىلىنغان قورلۇشنى كەنتىمىزدىكى بىرسى توشقان ئوۋلاۋاتقان چاغدا بايقىغان ئۇكىشى قايتىپ كىلىپ باشقا ئوۋچى دوسلىرى بىلەن بىرگە ئۇيەرگە كىردۇ، شۇكىرىپ كەتكەنچە ئىككى ھەپتىگىچە خەۋرى بولمايدۇ، ئوۋچىلانىڭ ئۆيدىكىلىرى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئۇيەرنى بايقىغان ئوۋچىنى تاپىدۇ، بىرنەرسىدىن قورقۇپ، كەتكەن بولساكىرەك جىن باكەن دەپلا ھۇشىدىن كىتىپتۇ،ئوۋچى ھۇشىغا كەلگەندىن كىيىن بولغان ئىشلانى باشقا ئوۋچىلارنىڭ ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بەردى ،شۇقاتاردا مەنمۇئوچىنىڭ دىگەن گەپلىرگە ئىشەنمىگەن ،ئوۋچى بولسا مۇنداق دىگەن ؛ ئۇجايدا جىن باكەن ئۇلارنىڭ بويلىرى ناھايىتى ئىگىز ساقاللىرى تىزىغا چۈشكەن چاچلىرى شۇنداق ئۇزۇن يەرگە سورلۇپ قالغان بىرلائەمەس ناھايىتى كۆپ بىر-بىردىن بەتبەشىرە سەتكەن باشقىلانى بولسا خۇددى قوينىڭ گۆشنى يىگەندەك يەۋەتتى مەن ئاران تەستە قىچىپ كەلدىم

**دىگەنتى ،بۇگەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ ساراڭكەن دىگەنتىم ،باشقىلا بولسا بۇ ساراڭ ئاغزىغا كەلگەننى جويلىۋاتىدۇ بىرىپ ئۇلارنى تاپايلى دىگىنچە 15ئادەم ئۇلارنى تىپىپ كىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكىنچە 3كۈنگىچە خەۋرى بولمىدى ،ئاينىڭ 15يورۇق15قاراڭغۇ بۇگۈنكىچە ئايدىڭدىن ئوتتۇپ كەتسە 15كۈن قاراڭغۇ كىچە دادام شۇنداق دىگىنچە منى بىرقانچە مەشئەل سۇ يىمەكلىك ئاپرىپ بىرىشكە بۇيرىدى ،مەنمۇ كۆپ ئويلانماي دادامنى سەنمۇ بارساڭ بارمەن بولمىسا كىم بارسا بارسۇن مەن بارمايمەن دەپ تۇرۋالدىم،20ياشقا كىرىپ بىربالىغا دادا بولغان بولسامۇ قاراڭغۇدىن قورقاتىم،دادامۇ ئاخىرى ماڭائامالقىلالماي بىللە بىرىشقا قوشۇلدى، تەييالىقنى پۇختاقىلىپ ئەتتىگەن سائەت 10يولغا چىقتۇق، مەن دادامدىن ئۇ ئوۋچىلارغا نىمىنداق كۆڭۈل بولدىغىنىنى سورسام دادام ماڭا ئوۋچىلانىڭ بىرى مىنىڭ جىيەنىم بولدۇ يەنى سىنىڭ نەۋرئاكاڭ ،مەنمۇ ھىچگەپ قىلماي دادامغا ئەگەشتىم ، شۇنچە ئىزدەپمۇ سائەت 5لەرگىچە ھىچ ئىزدىركى يوق ئىدى ،بىزبىردەم ئارام ئىلىۋالغاچ قورسۇقىمىزنى توقلىۋالدۇق ،يىرىم سائەت ئارام ئىلىۋالغاندىن كيىن يەنەئىزدەشكە باشلىدۇق ،بارا ـ بارا زىمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى،شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ قولىنى كۆرەلمىگىدەك ،ئاسماندا بىرە يۇلتۇزمۇ يوق ئىدى ،دادام مەشئەلدىن ئىككىنى ياقتى ئاران ئىككى ئۈچ متىر جايلىنا**

يورتالايتى ،شۇ ئىزدىگەنچە ئۇۋچى يىگىت بايىقىغان جايغا كەلدۇق، كۆزئالدىمدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ سالدىم، كۆرگىنىم بولسا بىشى،قولى يوق ئادەم جەسىدى ئىدى،ئۆلارمۇشۇجايدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسا كېرەك ھەممە يەر قانغا بويالغان ئىدى،يىراقتىن مەشئەل يورقى كۆرۈندى،دادام مىنى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر ھەرگىز تۆگىنىڭ يىنىدىن ئايرىلما دەپ مەشئەل يورقى كەلگەن جايغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى، مەن دادامنىڭ ئارقىستىن قاراپ تۇردۇم كۆزۈمنى ئۈزمىدىم دادامنىڭ مەشئىلى باغانسى كىچىكلەپ كۆرۈش ئىمكانىتى بولمىدى،بىرچاغدا تۆگىگە يولنىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، قانچىلىك ئۇخلىدىمكىن بىرچاغلاردا يىراقتىن سەت چىقىرغان ئاۋاز كەلدى،ئارقىستىن ئۇللىشىپ ئىنتايىن سەت كۆلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، يۈگۈرۈپ بىرىپ قارسام ھىچنەرسە يوق خاتائاڭلاپ قالغان ئوخشايمەن دەپ تۆگىنىڭ يىنىغا كەلدىم، تۆگىنى كۆرۈپ چىدىماي ۋاقىراپ تاشلىدىم، تۆگىمۇ بىشى يوق،ئالدى ئىككى پۇتىمۇ يوق ئىدى، بايام كۆرگەن جەسەتكە ئوخشاش، بايام كۆرگەن جەسەتلەر يادىمغا كىلىپ تىخىمۇ قورقۇپ كەتتىم ،يىراقتىن قاركۆلەڭگە ماڭا يىقىنلاپ كەلدى، ئەمدى يۈركۈم جايىغا چۈشتى يىراقتىن كۆرۈنگەن قاركۆلەڭگىنى دادام دەپ پەرەز قىلدىم، ماڭا يىقىنلاپ كەلگەنسىرى يۈركۈمنى نامەلۇم قورقۇنچ بىسىۋالدى، يۈركۈم گۈپۈلدەپ سىلىشقا باشلىدى، مەنمۇ ئۆلۈك تۆگىنىڭ قىشىدا تۇرۇشتىن قورقۇپ نامەلۇم

# ھالاكەت ئارخىپى

قاركۆلەڭگىنىڭ ئالدىغا قاراپ دادا دېگىنىمچە يۈگۈردىم،مەشئەلنى قاركۆلەڭگىگە تۈتۈپ قورقىنىمدىن ۋارقىرۋەتتىم ......

مەشئەلنى قاركۆلەڭگىگە تۈتۈپ چىدىماي ۋارقىراپ تاشلىدىم، كۆرگىنىم بولسا بىشى ،قولى يوق بولغان ئەمما مىڭۋاتقان ئادەم بولدى، مەشئەلنى كۆتۈرگىنىمچە كەينىمگە بۇرۇلۇپ قاچتىم ،قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدىم بىرسىنىڭ ۋەھىمىلىك كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ،ئالدىمغا توختىماي يۈگۈردىم ئۆزۈمنى توختىتالماي ئادىمدىكى بىرسىگە سوقۇلۇپ توختىدىم ،ئالدىمدىكى كىشىگە مەشئەلنى تۇتۇپ تاسقالدىم ھۇشۇمدىن كەتكىلى ئالدىمدىكى بولسا ساقاللىرى تىزىغا چۈشكەن چاچلىرى يەرگە سۆرلۈپ قالغان تۆت بەش ئادەم بولدى، چىرايى بولسا يىرمى چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ،يىرىم يۈزى قان زەرداپ ئىقىۋاتقان ھالەتتە ئىدى ،يەنە بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ساڭگىلاپ قالغان ئىدى ساقاللىرىدىن قان ئىقىۋاتقان ئىدى، قاچاي دىسىمگە ئالدىمدا تۇرغان بەتبەشىرە ئادەم ياق، بەتبەشىرە ئالۋاستى ساقاللىرى بىلەن مىنى بوشلۇققا كۆتۈردى قولۇمدىكى مەشئەلنى ئالۋاستىنىڭ ساقىلىغا تەڭلىدىم ،بىراق ساقىلى كۆيۈش ئۈياقتا تۇرسۇن مىنى مەشئەلبىلەن بىرگە تۆتمىرلاچە يىراققا چۆرىۋەتتى ،مەشئەل قولۇمدىن چۈشۈپ كىتىپ قۇرۇپ قالغان توغراقنىڭ يىنىغىلا چۈشتى ،توغراق قۇرۇق بولغاچقا شىددەت بىلەن كۆيۈشكە باشلىدى

،بەتبەشرە ئالۋاستى بۇقتىم بىشنى بۇراپ چچى بىلەن بىلمدىن تۇتىۋالدى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئالۋاستىنىڭ چچىدىن بوشنالمدىم ،توغراق شىددەتلىك كۆيۈپ كىچە ئاسمىننى كۆندىزدەك يورتىۋەتتى ،شارتىندە قىلغان ئاۋاز بىلەن يەرگە چۈشتىم ئالدىمدا بولسا بىشى بىلەن قولى قاندىن شەكىللەنگە باشقا ئەزايى ئادەمگە ئوخشايدىغان بۇرۇنقى زاماندىكى ياساۋۇللار نىڭ كىيمنى كىۋالغان ئىككى ياساۋۇل ئالۋاستىلانى يوقاتتى ،مەن قورقۇپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ قولى،بىشى ماڭاقاندەك كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان بىراق يىنىمغا كەلگەندە ياساۋۇلنىڭ قولى بىشى خۇددى ئۆيۈپ قالغان قاننىڭ ئۆزى ئىدى، مەن ياساۋۇلدىن سەن ئادەممۇ ياكى ئالۋاستىمۇ دەپ سۇردۇم ياساۋۇل بولسا :

ـ مەن مىڭ يىل ئىلگىرىكى مۇشۇ زىمنغا شاھ بۇلغان ئادىل خەلقىنىڭ غەمنى يەيدىغان شاھنىڭ ياساۋۇلى بولغان ،ئوردىغا دۆلەت ئۇستازى بولغان پىرخون بىزلەر ياشىغان شەھەرنى قۇمئاستىغا كۆمۋەتتى ھايات قالغانلارنىڭ بىشى بىلەن قولنى پۇتۇنلەي يەۋەتتى ،باشقا ئەزالىرغا چىقىلمىغان شۇسەۋەپتىن بۇيەردە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى ،بىشى يوق، نۇرغۇنلىغان جەسەتلەر بىشى ،قولى يوق ھالەتتەساقلىنىپ قالدى، پىرخون مۇردا پەقەت ئاي تولغان كىچىدە ئويغۇنىدۇ ،ئايدىك كىچىلەردە ھەركەت قىلدۇ ،بەزىدە كۆندىزى پەيدا بولدۇ ،پىرخون موردا ھەركەت قىلغاندا بىزنى

ئەپسۇن بىلەن بەنىت قىلدۇ ، ياساۋۇلنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ مۇردا ياكى ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى سوردۇم ،

ـ ئۇنداقتا سىلەر ئالۋاستىمۇ ياكى مۇردىمۇ ،

ـ بىزنى قولىمىزنى ،بىشىمىزنى مۇردا پىرخون مۇردا يەۋەتكەن تۇرسا قانداقمۇ ئالۋاستى بولىمىز

ـ دىمەك سىلەر مۇردىكەنسىلەردە

ـ توغرا بىزئاللابۇرۇن مۇردىغا ئايلىنىپ كەتكەن ،پەقەت پىرخون مۇردا ئۇيقىغا كەتكەندە ئاندىن بىزمۇ سىرتقا چىقىپ ھەركەت قىلالايمىز ،مانا بۇ ئەرۋاھ خەنجىرى پىرخون مۇردىنى يوقتالايدۇ ، ياساۋۇل قولىدىكى خەنجەرنى ماڭا كۆرسەتتى ،

ـ بىزنى بولسا ئەپسۇن بىلەن ئۆزگە يىقىن كەلتۇرمەيدۇ ،پەقەت ئەقىللىق زىرەك باتۇر ئادەملا پىخۇنىنىڭ ئەپسۇن سىھرىنى تەسرگە ئۇچۇرمايدۇ ،مىڭ يىلدىن بۇيان بىزئاشۇنداق ئەقىللىق زىرەك باتۇر كىشىنىڭ كىلىپ بىزنى ھەم بۇيەردە ئۆلۈپ كەتكەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ساقلاۋاتىمىز ،لىكىن بۇجايغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھايات قالمىدى، ئالدىن قىتىم كەلگەن ئوۋچىلار مۇ پىرخون مۇردىنىڭ غىزاسىغا ئايلاندى ،ئوۋچىلانى ئىزدەپ كەلگەنلەردىن پەقەت نەچچىسلا ھايات قالدى ، ـ توختاڭلار دىمەكچى بولغىنىڭلار ئوۋچىلار نىڭ ھەممىسى ئۆلدىما ؟

ـ توغرا ئوۋچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى ،ئىزدەپ كەلگەنلەردىن ئۈچ

## ھالاكەت ئارخىپى

ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم ،بوگۈن يەنە ئىككى ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم ،ئىسىڭدە بولسۇن كىلەر قىتىم ئاي تولۇشتىن بۇرۇن قارىئىشەك تۇيىقىدىن تۇمار پۇتتىرۋال ،بۇيەگە ئەمدى ئاياغ باسما باشقىلارنىمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ قوي بۇيەرگە ئاياغ باسمىسۇن ،شاھىمىز بۇيەردە يەنە بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كىتىشىنى قان تۆكۈلۈشنى خالىمايدۇ، داداڭ ھازىر تۇگىنىڭ قىشىدا سىنى ساقلاۋاتىدۇ  يارىسى خىلى ئىغىر داداڭغا ياخشى قارا ،ئىسىڭدە بولسۇن ئاي تولۇشتىن ئاۋال چوقۇم قارىئىشەك تۇيىقىدىن تۇمارپۇتتىرىشنى  ئۇنتۇپ قالما ، ياساۋۇل شۇگەپلەرنى قىلىپ بولۇپ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى ،مەنمۇ مەشئەلنى كۆتۈرگىنىمچە تۆگىنىڭ يىنىغا قاراپ يۈگۈردۈم دادام بولسا ئۆلۈپ كەتكەن تۆگىگە يۆلىنىپ ھۇشىدىن كىتىپتۇ،  دادامنى يۈدۈگىنىمچە مەھەللىمىزدىكى تىۋىپنىڭ يىنىغا ئاپاردىم  ،يەتتە كۈن داۋالىنىپ جان ئۈزدى ،دادام جان ئۈزۈش ئالدىدا كەچۈرگىن ئوغلۇم ئەمىلىيەتتە  مەت تۇرسۇن دىگەن ئوۋچى سىنىڭ ئۆز ئاكاڭ بولىدۇ ،بۇنى سەندىن يوشۇرغان ئىدىم كەچۈر گىن  شۇنداق دەپلا كۆزيۇمدى ،ئەسلى دادامنىڭ ئۇجايغا بىرىشى ئوغلىنى ئىزدەش ئىكەنتۇق ،دادامنى يەرلىككە قويۇۋەتكەندىن كىيىن  ياساۋۇلنىڭ سۆزى يادىمدىن كەچتى ،دەرھاللا ئۇستا باقشىدىن بىرنى تىپىپ قارىئىشەك تۇيىقىدىن تۇمار پۇتكۈزۋالدىم ،ھايات قالغان ئۇچى بولسا تۇمار ياساتمىغاچقا شۇئايدىكى ئاي

تولغان كىچىدە قولى ،بىشى يوق هالەتتە ئۆلدى ،پەقەت مەنلا هايات قالدىم ،ئەگەر سىز هايات قالاي دىسىڭىز بۇ يەردىن كىتىڭ باشقا مۇردىلارغا تەڭ كەلگىنىڭىز بىلەن پىرخون مۇردىغا تەڭ كىلىشىڭىز ناتايىن ،ئەگەر بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ شەپقەتچىسى بولاي دىسىڭىز ئەرۋاھ خەنجىرنى تىپىڭ پەقەت ئەرۋاھ خەنجىرلا پىرخون مۇردىنى يوقتالايدۇ ،ئاخىردا سىزگە ئامەت تىلەيمەن ، ،،......مەت ئابدۇ جاپپار يەكچەشمە

ـ بۇئادەم راستىنلا ساراڭمۇ نىمە؟ زۇلپىيە سۇئال نەزىردە بىزلەرگە قاراپ قويدى،

~ياق ئۇئادەم ساراڭ ئەمەس ،دۇنيادا بىزبىلمەيدىغان ئىشلار تىخى كۆپ . نۇر تىزلا زۇلپىيەنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەردى، دەمىسىمۇ نۇردىگەن جىنكەش تۇرسا ھەتتا بىز كۆرۈپ باقمىغان جىن ئالۋاستى دىگەنلەرنى كۆپ كۆرگەندە،

~راستىنلا مۇردا بارمۇ دەيلى كيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىمىز ، چوكانچاقنىڭ بۇگىپى ئادەمنى ئويغا سالدى ،

~ھەقىقى ئەھۋالنى شاھنىڭ روھىنى چاقىرىپ ئىنىقلايمىزدە ، نۇرنىڭ بۇگىپىنى ئاڭلاپ تىخىمۇ ھەيران قالدىم ،

~نىمە شاھنىڭ روھىنى چاقىرىپ كىلەمدۇق ،تىشلىقتۇ ، نۇرچىرايغا قاراپ قويدۇم نۇرنىڭ چىرايى ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى....

## 10 ـ باب: شاھنىڭ روھنى چاقىرىش

نۇرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى ،چوكانچاق ئازراق جىدىلەشكەندەك قىلاتتى ،
~نۇر سەن روھلانى قانداق چاقىرىشنى بىلەمسەن؟
~ بۇ بەك خەتەرلىك ئىھتىيات قىلمىساق بىزنى بوشقۇيمايدۇ ،بۇنى بىلدىغانسەن ؟...چوكانچاق جىددىي قىياپەتتە نۇردىن سوردى ، ، ،
~دادامدىن ئاڭلىغان بىراق سىناپ باقمىدىم، ھازىر سىناپ باقماي ئامال يوق ،قايتىپ كېتەيلى دىسەك باشقىلار قوشۇلمايدۇ ...بۇيەردە جىن ـ ئالۋاستى ،مۇردا بار دىسەك باشقىلار بىزنى ساراڭ دىمەمدۇ ،
ـ نۇر ئۇنداقتا بۇنىڭ خەتىرى بامۇ ؟
~زۇلپىيەدە ئازراقمۇ تەمتىرەش يوق ،جىن ،ئەرۋاھقا قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى ،
~بۇخەتتە دىيىلگىنى راس بولسا بىزگە ھازىرچە خەتەر يوق ،بىز ئۇلارغا ياردەم قىلمىز داۋاتساق ،ئۇلارمۇ شەپقەتچىسنىڭ كىلىشنى ساقلاۋتىپتىغۇ ،
~نۇر روھلارنى چارقىرىش ئۈچۈن ئىككى دۇنيانى تۇتاشتۇرۇش كىرەك، ئىككى دۇنيانى تۇتاشتۇرساڭ باشقا سەرسان روھلار چىقۋالسا قانداق قىلىمىز؟ ...سوئال نەزىرىدە نۇرغا قاردىم ،ئىككى دۇنيانى تۇتاشتۇرۇپ روھلارنى چاقىرىش دىگەنگە قىزىقىپ قالدىم ،
~بۇنىڭغا مەنمۇ بىرنەرسە دىيەلمەيمەن ،دوسلۇرۇمدىن سوراپ باقسام

،بەلكىم ماڭا يول كۆرستىشى مۇمكىن ،...نۇرنىڭ بۇگىپىنى ئاڭلاپ ھەيرانقالدىم ،ئەجبا بۇنۇر دىگەن جىنكەشىنىڭ دۇسلۇرۇم دىگىنى جىن ،ئالۋاستىلامدۇ ،

~نۇر تىزراق سوراپ باق ۋاقىت قىستاپ قالدى ،

~ھەسەن نىمدىگىنىڭ بۇ ۋاقىت قىستاپ قالدى ،ۋاقىت نىمگە قىستاپ قالدى ،،،چوكانچاقنىڭ ۋاقىت قىستاپ قالدى دىگىنى كەچ بوپقالدى دىگىنىمدۇ ،،چوكانچاققا قاراپ تۇرۇپ قالدىم ،

•••ھەسەننىڭ دىمەكچى بولغىنى بۇگۈن كىچىدىن ئۆتۆپ كەتسە ئەتە كىچە ئاي تولىدۇ دىمەكچى ،،،،باياتتىن بىرى گەپ قىلماي تۇرغان نۇربىيە ئەتە كىچە ئاي تولىدىغانلىقىنى بىزگە ئەسكەرتىپ قويدى ،

~نۇربىيە توغرا دەيدۇ ئەتە كىچە ئاي تولىدۇ ،ئاي تولغان كىچىدە ياسۋۇل ھەم شاھنىڭ روھمۇ ياكى مۇردىسىمۇ ئىشقىلىپ بەنىت قىلىندۇ ،پىرخون مۇردا ئويغانسا ئۇلارنى ئەپسۇن بىلەن بەنىت قىلۋەتسە شاھنىڭ روھنى چاقىرىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدۇ، ،،چوكانچاقنىڭ گەپلىرى خىلى ئورۇنلۇق ئىدى، ئەگەر خەتتە دىيىلگىنى راسبولسا ۋاقتىمىز ئازقالغان ئىدى،

ـ ئۇ داقتا يەنە نىمگە ساقلايمىز ،تىزراق شاھنىڭ روھنى چاقىرىپ ،ئەرۋاھ خەنجىرنىڭ ئىزدىركىنى قىلايلى، ،،زۇلپىيە نۇرنى ئالدىراتقىلى تۇردى ،

~دوسلۇرۇمنى چاقىرىپ سوراپ باقاي ،...نۇرشۇنداق دىگىنچە

چۈشۈنكسز نەرسلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى ،چىدىر ئىچىدىن يەڭگىل شامال چىقىشقا باشلىدى ،بۇنداق ئىسسىقتا شامال ئادەمگە تولىمۇ ھوزۇر بىغىشلايتى ،شامال توختاپ بىزدىن ئىككى مىتىر يىراقتا يەردىن يىرىم مىتىر ئىگىزلىكتە تۇمان پەيدا بولدى ،تۇمان ئىچىدە ئادەمنىڭ ئۈستىنكى يىرىم بەدىنى شەكىللەندى ،تۇمان بىزگە گەپ قىلىشقا باشلىدى،

~قەدىناس دوستۇم بىزچاقىرىپسەن قىنى دىگىنە بىز ياردەم قىلىدىغان ئىشلار بارمىتى ،

~ھە قەدىناسىم سەندىن سورايدىغان ئازراق ئىش بارئىدى ،دىسەم بولامۇ بولماسمۇ؟ ...نۇربىلەن ئادەم سىياقىدىكى تۇمان پاراڭلاشقىلى تۇردى ،

~ھەي ئەزمەت قاچاندىن بىرى بۇنداق سۆرەلمە بوپ كەتتىڭىز ،،،تۇماننىڭ ئىچىدىن بىرقىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ،،،مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ؛ماڭا قاراڭلا دۇسلا سىلەرنىڭ ئازراق ياردىمىڭلار كىرەك بولۇپقالدى ،بىز مۇشۇ جايدىكى مىڭ يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن شاھنىڭ روھىنى چاقىرىپ ئەكەلمەكچىتۇق ،سىلەنىڭچە بۇنىڭغا ئامال بارمىدۇ؟ ،،گىپىمنى دەپ بولغىچە يۈركىم ئاغرىپ يۈركىمنى تۇتۇۋالدىم ،تۇمان تاراپ تۇمان ئىچىدىن بىر ئەر ئىككى ئايالنىڭ سىماسى ئىنىق كۆرۈندى ،ئۇلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم ،ئەر بولسا شۇنداق قاملاشقان ،ئايال بولسا خۇددى

پەرىشتىدەك چىرايلىق ئىدى، بىر ئايال ئادىغا ئازراق سۈرۈلدى ،كۆزدىن ئاپپاق نۇرچىقىپ يۈركىمگە توغۇرلاندى ،يۈركىم بارا ـ بارا ئاغرىشتىن توختىدى، ئايال بىشىنى بۇراپ يەرگە قاردى كۆزدىكى ئاپپاق نۇر يوقىدى ،يەردە بولسا بەش پارچە تىرناق تۇراتى ،يۈركىم ئاغرىشتىن توختاپ ساقىيپلام كەتتىم، رەخمەت سىزگە دوستۇم ،بۇئايالغا مىننەتدار لىق بۇلدۈردىم ،

~بۇقانچىلىك ئىشتى سىز بىزنى دوستۇم دىگەن تۇرسىڭىز ،دوسلار ئاراتەكەللۇپ قىلىش كەتمەيدۇ، ،،، شۇنداق دىگىنچە كەينىگە ياندى ،

~شاھنىڭ روھىنى چاقىرىپ كىلىش ئۈچۈن ئىككى دۇنيانى تۇتاشتۇرساق ،شاھنىڭ روھىدىن باشقا سەرسان روھلار چىقىۋاسا ئاۋارچىلىق تىخمۇ كۆپىدۇ ،شۇڭا سىلەرنى شاھنىڭ روھى چىقىپ بولغىچە باشقا سەرسان روھلارنى توسۇپ تۇرامدىكىن دىگەن ،...نۇرشۇنداق دەپىب بولۇپ كۆزنىڭ قۇرقىدا ماڭا قاراپ قويدى،

~شاھنىڭ روھىنى چاقىرىش ئۈچۈن شاھنىڭ ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بولىشى كىرەك ،مەن ئىزدەپ باقاي ،...ئايال شۇنداق دىگىنچە كۆزلىردىن ئاپئاق نۇرچىقرىپ ھەممە جايغا قاراپ چىقىپ ئاخىردا بايام يۈركىمدىن ئىلۋەتكەن بەشدانە تىرناققا قاراپ بۇ شاھنىڭ تىرنىقىكەن دىدى ، بۇگەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى، ...

~نىمە سىز بۇ تىرناق شاھنىڭ تىرنىقى دىمەكچىمۇ ،...نۇر سۇئال نەزىردە چىرايلىق ئايالغا قاردى ،...
~توغرا بۇ شاھنىڭ تىرنىقىكەن ،يەنە كىلىپ شاھ مۇردىغا ئايلىنىپ بوپتۇ ،مۇردىنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىككى دۇنيانى تۇتاشتۇرۇش كەتمەيدۇ، بىزنى چاقىرغاندەك چاقىرسىڭىز بولىدۇ، ...چىرايلىق ئايال گىپىنى تۈگۈتۈپ تۇمانغا ئايلىنىپ بايامقى ھالىتىگە قايتتى ،
~رەخمەت سىلەرگە يول بولسۇن، ...نۇرنىڭ گىپى ئاخلاپ ئازراق شامال چىقىپ كۆزدىن غايىپ بولدى،
~ۋايجان نىمىنداق سەت بەتبەشرە مەخلۇقلار بۇ ،نۇر سىنىڭ دوسلۇرۇم دىگىنىڭ مۇشۇ بەتبەشرە مەخلۇقمۇ ...چوكانچاقنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئازراق تىڭىرقاپ قالدىم ،نەدىمۇ بەتبەشرە ،سەت بولسۇن،
~بولدى سەت بەتبەشرىنى قويۇپ شاھنىڭ مۇردىسىنى چاقىرىپ ،ئەھۋالنى ئىنىقلايلى ...نۇر بىرچىنە سۇغا شاھنىڭ تىرنىقىنى سىلىپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلىدى ،چىدىرنىڭ ئىچى سوغۇق شامال چىقىپ نەرسىلەرنى ئۇچۇرغىلى تۇردى ،شامالنىڭ ئىچىدىن بىرسىنىڭ قاپ يۈرەك دەپ قاقاقلاپ كۈلگەن پىتى مەن چۈشۈمدى كۆرگەن ،تۈنجى كۈنى ھەممىڭ ئۆلسەن دىگەن ھىلىقى ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن ،چاچلىرى دولىسىغا چۈشكەن ناتونۇش بوۋاي شامال ئىچىدىن پەيدا بولدى.

## 11 ـ باب: ئەرۋاھ خەنجىرنىڭ كېلىپ چىقىشى

مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ناتونۇش بوۋاي شۇ ئىدى ،ھەممەيلەن بۇبوۋاينى كۆرۈپ نىمقىلىشىمىزنى بىلمەي تىڭىرقاپ قالغان ئىدۇق، چىدىر ئىچىگە سىلىنغان سىلىنچىنىڭ ئۈستىگە كىلىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى ،

~ھەقىقەتەن يۈركۈڭلار باركەن ،مەنسىلەرنى بۇجايدىن كىتىشكە مەجبۇر قىلساممۇ كەتمىدىڭلار ،

~شاھ ئاللىرى ئۆزلىرى نىمە ئۈچۈن بىزنى بۇيەردىن كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولدىلا ،نور، ئالدىنقىتىم شاھنىڭ قورقۇنۇشلۇق چىرايىنى كۆرگەچكىمكىن قىلچىلىك تەمتىرەش يوق ،سۇئال سوراشقا باشلىدى ،

~سۆزلەپ كەلسەم گەپ جىق سىلەر بەلكىم ھىلىقى خەتتىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭلارغۇ دەيمەن ،

~شاھ ئاللىرى دىمەكچى بولغانلىرى مۇشۇ خەتمۇ ...چوكانچاق كىتابنى كۆرسەتتى ،

~مەن سىنىڭ يانچۇقۇڭغا خەت سىلىپ قويغان ئىدىم ،خەتنى كۆرمىدىڭمۇ ،...شاھ مىنى دەۋاتقان ئىدى ،يانچۇقۇمغا قولۇمنى سالدىم ،راستىنلا بىرپارچە خەت تۇراتتى ، خەتتە مۇنۇلار يىزىلغان ئىدى،

**ئىزدەپ كەلسەڭمۇ يىراق جايلادىن ...**
**ۋەلىكىن تاپالمايسەن بىرتالمۇ تىللا ...**
**ۋەھىمگە تولغان بۇتوغراقلىق ،**
**كەتسەڭمۇ ئۆلگۈرسەن ھازىرلا...**

**بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس ئىدى،**
**~مەن سىلەنىڭمۇ بۇجايدا ئۆلۈپ كېتىشىڭلارنى خالىمايمەن ،ھىلىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىقتىم، ...شاھ شۇنداق دىگىنچە ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى ،**
**~بۇ ئىشلارغىمۇ ئۇزاق يىل بوپكەتتى ،مەن شاھ بولغان چېغىمدىلا ئوردىدا دۆلەت ئۇستازى بولىدىغان ،ئۇكىشىنىڭ پىرخون لىقتىنمۇ خەۋرى بولغاچقا ،ئۇكىشىنى پىر ئۇستاز دەپ چاقراتتىم ،مەن شاھ بولۇپ ئۈچ يىللىق باج سېلىقنى كەچرۈم قىلىپ پۇخرالارنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈردىم ،قىسقىغىنى بەش يىل ئىچىدە پۇخرالار يىمەك ئىچمەكتە قىنالمايدىغان بولدى ،سودا سېتىق قىلىدىغانلارمۇ كۆپىيۈپ ،پۇخرالارنىڭ يانچۇقىمۇ تومپايدى ،مەن تەختكە چىققاندىن كىيىن قىلماقچى بولغان ئىشىم بولسا ،شاھ ئاتام تەختتە ئولتۇرغان چاغلادىكى چىرىكلەشكەن پارخور ئەمەلدارلانى يوقتۇپ ،پۇخرالانى ياخشى كۆنگە ئېرىشتۈرۈش ئىدى، پىرئۇستاز بولسا مىنىڭ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرشۇمغا يىقىندىن ياردەمدە بولغان**

ئىدى،مىنىڭ ئازۇيۇمۇ ئەمەلگە ئىشىپ  پۇخرالارمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتى ،لىكىن بۇ ياخشى كۈنمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى ،ئوتتۇرئىخلىمدىن بىرجادىگەرئايال چىقتى ،جەمەتىدىكى بويى هارۋا چاقىدىن ئاشقان44كىشىنى تەشكىللەپ ئۆزىنىڭ زۇلمەت سېهرىنى ئۇلارغا ئۆگەتتى ،ئۇللار زۇلمەت سېهرىنى ئۇگۇنۇپ زۇلمەت سىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن ،مۇردا جەسەتلەرنى ئويغىتىپ ئىدىقۇت خانلىقى ،كىرورەن خانلىقىغا ۋۇجۇم قىلىپ كىردى ،ئويغانغان جەسەت مۇردىلار هەرقانداق بىر جانلىقنى كۆرسە جىندىن جۇدا قىلاتتى ،كىرورەن شەهرىدىن قىچىپ كەلگەنلەر بىزنىڭ بابورا شەهرىنىڭ هەربىر كۆچا كۆيلىرغا توشۇپ كەتتى، قانداق قىلىش توغۇرلۇق پىرئۇستازدىن مەسلەهەت سوردۇم ،پىرئۇستاز بولسا تىرىلگەن جەسەت ،مۇردىلارغا تاقاپ تۇردىغان قۇرال ياساپ چىقىدىغان بولدى ،هەمدە بۇنىڭغا يۈزى ئېچىلمىغان 300قىزنىڭ قىنى، يۈركى بىلەن تاۋلايدىغىنى ئىتتى ،دەسلەپتە بۇنىڭغا قوشۇلمۇدۇم لىكىن كىرورەن ،ئىدىقۇت شەهرىدىكى بىرگۇناه ئۆلۈپ كەتكەن كىشلەرنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، مەن چىرىكلەشكەن  پارخور ئەمەلدارلانىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان پۇخرالانىڭ ئاهۇزارىنى كۆرۈپ چىدىماي شاه ئاتامنىمۇ زەهەرلەپ ئۆلتۈرۈپ ،چىرىكلەشكەن ،پارخور ئەمەلدارلار نى يوقتۇشۇمۇ ،پۇخرالارنى ياخشى كۈنگە ئىرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى ،ئەمدىلىكتە ئەل ،ئاۋامنىڭ بۇنداق ئىشقائۇچۇرشىنى كىممۇ ئويلاپ

يەتكەن، ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئۈچ يۈز 300كىنىزەكنى مەخپىي ئۆلتۈرۈپ ،پىر ئۇستازغا تاپشۇردۇم ،پىر ئۇستاز قىسقىغىنى ئىككى ھەپتىدە ،ئەرۋاھ خەنجىرىدىن 1358نى .300يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ قىنى ،يۈرىكى ھەم، ئۆزىنىڭ قار سىھرىنى بىرلەشتۈرۈپ تاۋلاپ چىقتى .پىر ئۇستازنىڭ تاۋلاپ چىققان خەنجىرى راستىنلا جەڭگاھتا ئەزقاتتى ،ئەرۋاھ خەنجىرىدە ئۆلگەن جەسەت مۇردىلار قايتا تىرىلمەيتى ،جەڭدىمۇ غەلبە قىلدۇق ،ئۇلارنى قوغلاپ زەربە بېرىپ ئوتترا ئىخلىمغا قوغلىۋەتتۇق ،ئەرۋاھ خەنجىرىدىن ئىككىنى ئىلىپ قىلىپ قالغان ئەرۋاھ خەنجىردىكى سىھرىنى يوقىتىۋەتتىشكە پىر ئۇستازغا يارلىق چۈشۈردىم ،پىرئۇستازمۇ ئەرۋاھ خەنجىردىكى سىھرىنى يوق قىلىۋەتتى ،پىرئۇستاز ئايال جادىگەرلەرنىڭ قايتىدىن ۋۇجۇم قىلىپ كىلىشىدىن ئەنسىرەپ زۇلمەت شەمشىرىمنى ياساپ چىقىپ ئايال جادىگەرنى يوقىتىشنى ئىتتى ،بۇنىڭغا كىتىدىغان بەدەل 300يۈزى ئېچىلمىغان قىزبولماستىن ،بەلكى 3000قىرقىغا توشمىغان بوۋاق بالا ئىدى.بۇگەپنى ئاڭلاپ قەتئى قارشى تۇردۇم، لىكىن پىر ئۇستازنىڭ يەنىلا نەچچە يۈز بوۋاقنى تۇتۇپ ئەكىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدىم ،پىرئۇستاز نى ئۆلتۈرۈشكەيارلىق چۈشۈردىم ،پىر ئۇستازنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى بويىچە ئۇنى دارغا ئاستىم ،ۋەزىرلە ،ياساۋۇللار جەسىدىنى بەش ئاتقا سۆرتۈپ پارچىلىۋەتىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ ،ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەتقىلدىم

## هالاكەت ئارخىپى

،جەسەدنى پۈتۈن قالدۇرۇپ ئىززەت ئابرۇيى بىلەن يەرلىككە قويدۇم، جەڭ ئاخىرلىشىپ نەچچە ئايدىن كىيىن ئوتترا ئىخلىمدىكى ئايال جادىگەر چوڭ ئوردا سالدۇردى ،پايلاقچىلاردىن خەۋەر كىلىپ تۇراتتى ،ئۇلارنىڭ ھەربىر قىلغان ئىشىدىن خەۋەردا بولۇپ تۇراتتۇق ،ئايال جادىگەرنىڭ ئوردىسى پۈتكەندىن كىيىن بارلىق سەركەردە سەرۋازلىرنى ئوردىسقا يىغقانلىق خەۋرى كەلدى، بىزمۇ بارلىق قوشۇننى تەققلىپ جەڭگە تەييارلىق قىلىپ تۇردۇق ،ئويلىمغان يەردىن ئايال جادىگەر ئاسماندىن توپا ياغدۇرۇپ ئۆزنىڭ ئوردىسنى توپىغا كۆمۈۋەتكەنلىك خەۋرى كەلدى، ئورۇشمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى ،سىتتىن كىلدىغان خەتەر ئازايغان بولسىمۇ ،ئەمما پىر ئۇستاز مۇردىغا ئايلىنى قايتىدىن تىرىلىشى تىخمۇ چوڭ ۋەھىمە ئىلىپ كەلدى ،ئەينى ۋاقىتتا پىرئۇستازنىڭ جەسەدىنى پارچىلاش تەكلىۋىنى بەرگەن ۋەزىرلەرنى،ياساۋۇللانى ۋەششى لەرچە ئۆلتۈرۋەتتى ،بارا ـ بارا ئالدىغا ئۇچۇرغان ئادەمنى ۋەشىلەرچە ئۆلتۈردىغان بولدى، مەن ساقلاپ قالغان ئىككى دانە ئەرۋاھ خەنجرى بىلەن پىرئۇستازنىڭ مۇردىسنى يوقاتماقچى بولغان ،بىراق پىرئۇستاز پۈتكۈل شەھەرنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتى ،تۇمەنلىگەن پۇخرا قۇمنىڭ ئاستىدا قىلىپ ئۆلدى ،ئۆلگەندىن كىينمۇ ئۇلارنىڭ جەسەدىن پارچىلۋەتى ،روھنى بولسا قولدىكى ھاسىغا بەنىت قىلدى، يەنى نۇرغۇن مۇردىلارنى ،جەسەتلەرنى تىرىلدۇرۇپ بۇتوغراقلىققا كىرگەن

ھەرقانداق جانلىقنى ھايات قويمىدى ،ئالدىغا ئۇچۇرغان ھەرقانداق جانلىقنى ۋەشىلەرچە ئۆلتۈرەتتى ،مىنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقىم پىرئوُستاز نىڭ جەسىدىنى پارچىلىۋەتمىگىنىم ،جەسىدىنى پارچىلىۋەتكەن بولسام ئۇمۇ مۇردىغا ئايلىنالمايتتى ،نەچچە يۈزمىڭ پۇخرامۇ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمەتتى ،بۇيەردە سىلەرنىڭمۇ بىئەجال ئۆلۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە نۇرغۇن بىشارەتلەرنى بەردىم لىكىن سىلەر يەنىلا بۇ يەردىن كەتمىدىڭلار ،بۈگۈن سىلەر چاقىرمىغان بولساڭلارمۇ ئۆزۈم ئىزدەپ كىلىپ سىلەرنى كەتكۈزىۋەتمەكچى ئىدىم،

،

شاھنىڭ بۇگەپلىرنى ئاڭلاپ نىمىشكىكىن ئىغىزىمدىن ...

~شاھ ئالىلىرى ئۇنداقتا ئەينى ۋاقىتتا ساقلاپ قالغان ئىككى ئەرۋاھ خەنجىرى ھازىر نەدە؟ ،بۇگەپ ئىغزىمدىن قانداق چىققىنىمۇ بىلمەي قالدىم ،

~يىگىت قارغاندا ئەرۋاھ خەنجىرگە قىزىقىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ،شاھنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ نىمدىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم ،

~شاھ ئالىلىرى ئەگەر بىزدە ئەرۋاھ خەنجىرى بولسا پىرخۇن مۇردىنى يوتالايمىزمۇ ؟...نۇرنىڭ بۇگەپلىرنى ئاڭلاپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمدا نامەلۇم بىركۈچ مىنى بۇ ئىشقا تەۋەككۈل قىلىپ بىقىشقا ئۈندىمەكتە ئىدىم،

~ئەرۋاھ خەنجىرنى پىرئوُستاز ئۆزىنىڭ سىھرى بىلەن تاۋلاپ چىققان

،سلەر ئۈنڭغا سهرنى يوقتۇشقا پۇرسەت بەرمسەڭلار غەلبە قلشتا چاتاق يوق!...شاهنىڭ چاتاق يوق دگەن گپنى چوكانچاق ئاڭلاپلام ئوتتۇرغان جايدا تۇرالماي قالدى ،
~ئاللرى ئۇنداقتا ئەرۋاھ خەنجرى نەدە؟ چوكانچاقنىڭ بۇسۇئالدىن ئۇنڭمۇ تەۋەككۇل قلىپ باقسقسى بارلىكنى بلىپ يەتتىم،
~سلەر راستىلا تەۋەككۇل قلىپ باقماقچمۇ ،ياخشى ئويلىشڭلار ،
~شاه ئاللرى ئۆزلىگە ياردەم قلىپ پىرئۇستاز نى يوقاتساق بولدۇ ،ئەمما بىزنىگە بىرنەرسە كىرەك ،...مەخستىم ئەرۋاھ خەنجرگە ئىرشش ئىدى،
~بۇلدۇ سلەرنىڭ بۇجايغا كىلشڭلار بايلىق ئۈچۈنغۇ ئوردا خەزنىستە هەدى هساپسز مالدۇنيا بار هەممىنى سلەرگە بىرەي خالىغانچە ئالساڭلار بولدۇ ،...
~ياق شاه ئاللرى بىزگە خەزنىندىكى بارلىق مالدۇنيانى بەرگەنلرى بىلەنمۇ بىر تىزىق يارماققمۇ كۆچمز يەتمەيدۇ ،هەممسنى دۆلەت خەزنىسكە تاپشۇرمز ، پەقەت بىزگە لازىمى ئەرۋاھ خەنجرى ،ئىش تۈگگەندىن كىينمۇ بىزگە مەنسۇپ بولشى كىرەك ، ئەرۋاھ خەنجرىنى قولغا چۈشۈرسەك كىنچمۇ بىزگە چوڭ ياردىمى تىگەتى ،
~بولدۇ ئەرۋاھ خەنجرى سرلىق ئۆيدە ئۆزكۈچڭلارغا تاينىپ تىپڭلار ،مانابۇ سرلىق ئۆيگە تۇتىشدىغان خەرىتە سلەرگە ئامەت

تىلەيمەن ،ۋاقتىڭلار ئەتە كەچكىچە ئەتە كەچكىچە ئەرۋاھ خەنجىرنى تاپالمساڭلار دەرھاك بۇتوغراقلىقتىن چىقىپ كىتىڭلار ، ئەتە كىچە ئاي تولغاندە پىرئۇستاز ئويغىندۇ ،پىرئۇستاز ئويغانسا سىلەرنى ھەرگىز بوشقويۋەتمەيدۇ ،ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار،ئەرۋاھ خەنجىرنى بىزدەك ئۆلۈپ كەتكەن كىشلەر تۇتالمايدۇ ،ئۇنىڭ ئۇستىگە سىرلىق ئۆيمۇ ئەپسۇن بىلەن پىچەتلەنگەن روھلار ،مۇردىلار بۇيەرگە كىرەلمەيمز ،بىراق پىرئۇستاز نىڭ ياردەمچى مۇردىلىرى خالىغانچە كىرىپ چىقالايدۇ ،بۇيەرگە كىرش ئۈچۈن بەدەل تولشڭلار مومكىن ،لىكىن پىرئۇستازنىڭ ياردەمچى مۇردىلىرمۇ ئەرۋاھ خەنجىرگە يىقىن كىلەلمەيدۇ ، ئەرۋاھ خەنجىرى يەنىلا ئۆزجايىدا ،

~ئۇنداقتا گەپلىرى گەپ ،...چوكانچاقنىڭ بۇخەتەرگە تەۋەككۈل قىلغىسى كەپ قالدىمۇ ياكى ئەرۋاھ خەنجىرنى قولغا چۈشۈرش كۆيدا بولىۋاتامدۇ ،بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى،

-گىپىم گەپ ئەتە كەچكىچە ئەرۋاھ خەنجىرنى تىپىڭلا ياكى تاپالماڭلار دەرھال ئۇجايدىن چىقىپ كىتىڭلار،مەنمۇ قايتاي ،...شاھ گەپلىرنى دەپ بولۇپ كۆزدىن غايىپ بولدى، ،......

## 12 ـ باب: نامەلۇم خەت

شاھ كۆزدىن غايىپ بولدى ،ھەممىسى دېگۈدەك گەپمۇ قىلماي ،چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئىدى ،

~بولدى ھىچنىمە خىيال قىلماي ،بويەردىن قانداق قىلىپ كىتىشنىڭ غىمىنى قىلىڭلار، بۇ خەتەرگە سىلەرنى تەۋەككۇل قىلدۇرمايمەن ،بۇگەپلەرنى دەپ بولغىچە قانداقتۇر بىرقورقۇنۇچ چىرمىۋالغان بولسىمۇ لىكىن قىلچىمۇ چاندۇرمىغان ئىدىم ،

~بۇنداق دىمە باتۇر قانچىلىك خەتەرلىك بولسىمۇ مەن سەن بىلەن بىرگە ،…چوكانچاقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەندىكى قورقۇنۇچمۇ نەلەگىدۇ كەتكەن ئىدى ،

~ھەسەن توغرا دەيدۇ بۇ ئالۋاستى ئۇۋۇسقا سىنى يالغۇز تاشلاپ قويمايمىز ،نۇرنىك بۇگەپلىرى ئۈنىڭمۇ تەۋەككۇل قىلىپ باققىسى بارلىقىنى بىلدىم ،ھىچ بولمىغاندا مەنمۇ ئۆزۈم يالغۇزتەۋەككۇل قىلمايدىغان بولدۇم ،

•••مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرىشنى خالايمەن ،زۇلپىيە سىزچۇ قانداق قىلىشنى ئويلاشتىڭىز ،…نۇربىيە بۇنداق ئىشلارغا قىزىقىپ كەتمىسىمۇ بۇقىتىم بىزگە قۇغدۇغۇچى بولغىسى كەپ قالدى ھەقاچان ،

ـ ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇقىتىمكى تەۋەككۇلچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرئەزاسى جۇمۇ !بۇنداق ياخشى ئىشتىن قىلىپ قالسام قانداق بولىدۇ ،ھەراس ئاينۇرە بىلەن ساتتىتارنى بىرگە ئىلىۋالايلى ،…زۇلپىيە گىپى منى

سەگتتى ،بۇنداق تەۋەككۈل قىلدىغان ئىشلارغا ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزىمىز كەتسەك ئۇلار چوقۇم بىزدىن رەنجىدۇ ،بارسۇن ۋەياكى بارمىسۇن ئۇلارغا ئۇختۇرۇپ قويۇشنى توغرا تاپتىم،

~بولدۇ ئاينۇرە گە سىلەر دەڭلار ساتتارغا مەن ئېيتاي ،ئامال بار تىزراق يولغا چىقايلى ،ۋاقىت بىزنى ساقلاپ تۇرمايدۇ ،...سەللا كېچىكىپ قالساق ئاقىۋىتىنى پەرەزقىلغىلى بولمايدۇ ،

ـ ئەمسە ئىككى مىز چىقىپ ئاينۇرەنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئېيتايلى ...زۇلپىيە ئاينۇرەگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن نۇربىيە بىلەن چىدىردىن چىقاي دېيىشكە ،جەملە مۇئەللىم كىرىپ كەلدى ،

~راستىنلا ئەرۋاھ خەنجىرنى ئىزدىمەكچىمۇ ،ئەھۋالدىن قارىغاندا جەملە مۇئەللىم باياتتىن بىرى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلىپ بولغان ئىدى،

~شۇنداق مۇئەللىم ئەرۋاھ خەنجىرنى تاپمىسا ق بۇجاي بىزنىڭ قەۋرىمىزگە ئايلىنىدۇ ،ۋاقتى كەلسە جەسىدىمىزنىمۇ قويىدىغان جاي چىقماسلىقى مۇمكىن ،چوكانچاق قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئىدى ،

~بۇجاي مەكتەپ بولمىغاندىن كېيىن مۇئەللىم دىمەي ،جەملە ئاچا دەڭلار يېشىمىمۇ سىلەردىن نەچچە ياشلاچۇق ،

ـ بولىدۇ جەملە ئاچا ،...زۇلپىيە بىرىنچى بولۇپ ئاچا دەپ چاقىردى ،

~زۇلپىيە كىتاپقا يېزىلغان خەتنى يەنە بىر ئوقۇق ،...جەملە

هالاكەت ئارخىپى

مۇئەللىم زۇلپىيە گە خەتنى يەنە بىرقېتىم ئوقۇتتى ،
~قىنى باتۇر شاھ بەرگەن خەرىتە ...شاھ بەرگەن خەرىتىنى جەملە مۇئەللىم گە كۆرسەتتىم ،
~شاھنىڭ ئىتقانلىرى بىلەن خەتتە دېيىلگىنى بىربىرگە زىت كەپ قالدى ،ماۋۇ خەرىتە گۇمانلىق ،...جەملە مۇئەللىم خەرىتىدىكى سىرلىق ئۆيىنىڭ ئورنى قولى بىلەن كۆرسەتتى ،
~دىمىسىمۇ شاھنىڭ ئىتقىنى بىلەن يەكچەشمىنىڭ خىتى بىربىرگە زىت كەپ قالدى ،شاھنىڭ ئىتقىنىدەك تىرىلگەن جەسەت ،مۇردىلارغا ئادەتتىكى قىلىچ ،نەيزە كارقىلماي ئەرۋاھ خەنجىرنى ،قارسىھر بىلەن 300يۈزى ئىچىلمىغان قىزنىڭ قىنى ،يۈركى بىلەن تاۋلاپ چىقىپ مۇردا ،تىرىگەن جەسەتلەرگە زەربە بەرگەن تۇرسا، يەكچەشمىنىڭ خىتىدە يەكچەشمنى مۇردىلار تۇتىۋالغاندا ياساۋۇل مۇردىلارنى خەنجەر بىلەن يوقاتقان ،شاھنىڭ دىگىنىدەك بولغاندا ئەرۋاھ خەنجىرنى ،ئۆلۈپ كەتكەن ئەرۋاھ ،مۇردىلار چىقالالمايدۇ، ئۇنداقتا يەكچەشمە ئۇچراتقان ياساۋۇل نىڭ قولىدىكى خەنجەر قانداق ئىشتۇ ،...ئويلىغانلىرىمنى ئىتتىم ،
~ئۇنداقتا بىز يەكچەشمنى ئىزدەپ ھەقىقى ئەھۋالنى ئىنىقلامدۇق ،ياكى ئەرۋاھ خەنجىرنى تاپامدۇق ،...چوكانچاقنىڭ گىپى ئاڭلاپ قانداق قىلىشنى بىلمەي قالدىم ،كاللامۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى ،

~مىنىڭچە بولغاندا بىز يەنىلا يەكچەشمە ئۆۋەتكەن كىتابنى كۆرۈپ باقايلى ،بەلكىم كىتابتا ئەرۋاھ خەنجىرى توغۇرلۇق گەپ بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ،نۇرنىڭ گىپىنى ئاڭلاپلا كۆزئالدىم يورۇپ كەتتى ، ـ ئەزمەت توغرا دەيدۇ ،جەملە ئاچا كىتاب قەدىمقى يىزىقتا يىزىلغان ئىكەن ،سىز بۇيىزىقنى تونۇمسىز ،زۇلپىيە كىتابنى جەملە مۇئەللىمگە بەردى ،

~بۇ پارسچە يىزىلغان نەسەپنامىكەن ،جەملە كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى ،بۇكىتابنى 50نەچچە بەت تىرە قەغەز بىلەن ئالاھىدە ياسالغان ئىدى ،سىياھىنىڭمۇ ئەڭ ئىسلى ئىشلىتىلگەن ئىدى ،كىتابنى سۇ بىلەن يۇيىسمۇ خەتلىرى ئۆچۈپ كىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن خەتلىرى تىخمۇپارقىراپ كىتەتتى ،جەملە مۇئەللىم كىتابنى بىرۋاراقتىن بىرۋاراقتىن ۋاراقلاشقا باشلىدى ،ئاخىرقى ئۈچ بەتكە كەلگەندە توختاپ قالدى ،بۇدەل يەكچەشمە شامنى ئىرتىپ خەت يازغان بەتلىرى ئىدى،

~قاراڭلار بۇ بەتنىڭ خەتلىرى جىدى يىزىلىپتۇ ،سىياھمۇ قەغەزگە تارقاپ كىتىپتۇ ،ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۈچ بەتتىكى يىزىق پارس يىزىقى ئەمەسكەن ،جەملە مۇئەللىم كىتابنى ھەممەيلەنگە كۆرسەتتى ،كىتابنى قولۇمغا ئىلىپ جەملە مۇئەللىم ئىتقان ئۈچبەتكە قاردىم ،بۇ پارسچە يىزىق بولماستىن بەلكى ،چاغتاي يىزىقى بىلەن يىزىلغان ئىدى ،يەنە كىلىپ جىدى يىزىغاچقا سىياھلىرى قەغەزگە تاراپ

كەتكەن ئىدى ،چاغتاي يىزنقى بىلەن يىزىلغان خەتلەرنى كۆرۈپ كۆزئالدىم يورۇپ كەتتى ،بۇقۇرلادا مۇنۇلار يىزىلغان ئىدى،

ئەۋلاتلىرىمغا ۋەسيەت :

ئەسلىدە بۇكىتاب نەسەپنامە ئىدى، ئاخىرنى يىزىشقا ئۈلگۈرمەيلام ۋەسيەت نامە يازدىغان بولۇپ قالدىم ،شاھ ئاللىرى پىرئۇستازنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنى ئالى ئىھتىرام بىلەن يەرلىككە قويدى ،ۋەزىرلە ،ياساۋۇللار پىرئۇستاز نىڭ جەسىدىنى بەش ئاتقا تارتىپ پارچىلاشنى ئىتقان بولسىمۇ ،شاھ ئاللىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى ،پىرئۇستاز مىنىڭ ئۇستازىم دۆلەتنىڭ بىشىغا ئىغىر كۈنچۈشكەندە ئەرۋاھ خەنجىرنى ياساپ چىقىپ دۆلىتىمىزنى ئىغىر قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالدى ،مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ جەسىدىنى پۈتۈن دەپنە قىلىمىز دەپ ئىززەت ھۆرمىتىنى بىلەن دەپنە قىلدى ،ئويلىمىغان يەردىن بىر يىل دىن كىيىن پىرئۇستاز مۇردىغا ئايلىنىپ ئۆزنىڭ جەسىدىنى پارچىلاش تەكلىۋىنى بەرگەنلەرنىڭ بىشى بىلەن قولنى غىزا ئورنىدا يەۋەتتى ،شاھىمىز پىرئۇستازنىڭ مۇردىسنى ئەرۋاھ خەنجىرى بىلەن يوقتۇش يارلىقنى چۈشۈردى ،پىرئۇستاز شاھنىڭ ئۆزنى يوقاتماقچى بولغىنى ئۇقۇپ قىلىپ قۇم بىلەن پۈتۈن شەھەرنى قۇمغا كۆمۋەتتى ،شاھ ئاللىرى ئاخىرقى تىنىقى بىلەن ئەرۋاھ خەنجىرنى سىرلىق ئۈيگە ئەپسۇن بىلەن بەنىت قىلۋەتتى ، ئەپسۇن بىلەن بەنىت قىلىشى پىرئۇستازنىڭ ئەرۋاھ خەنجىردىكى قارسىھىرنى يوق قىلۋىتىشنىڭ

ئالدىنى ئېلىش ئىدى، ئەرۋاھ خەنجىرنى مۇردىلا تۇتالمايدۇ ،سىرلىق ئۆيگە مۇردىلار كىرگىنى بىلەن ئەرۋاھ خەنجىرگە چىقلالمايدۇ ،بۇۋەسىيەتنامىنى يىزىپ قالدۇرشۇم ئەۋلاتلىرىمنىڭ پىرئۇستازنىڭ مۇردىسىنى يوقۇتۇپ بىگۇناھ ئۆلۇپ كەتكەنلەرنىڭ روھىنى ئەمنى تاپقۇزۇشى ئۇچۇن بۇۋەسىيەتنامىنى يىزىپ قالدۇردۇم ،ئەرۋاھ خەنجىرى ساقلانغان سىرلىق ئۆي ئەملىيەتتە خەزىنىگە تۇتىشىدىغان مەخپى ئۆتكەل ئىدى، ئىدى سىرلىق ئۆينىڭ ياسىلىشى خەزىنىگە ئوغۇرلۇققا چۇشكەنلەردىن ساقلىنىش ئۇچۇن ياسالغان ئىدى ،ئەمدىلىكتە ئەرۋاھ خەنجىرىنى ساقلايدىغان جايغا ئايلاندى ، ئەۋلاتلىرىمنىڭ سىرلىق ئۆيگە كىرىپ چىقالماي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن بىرپارچە خەرىتە قالدۇردۇم خەرىتىگە سىرلىق ئۆينىڭ ئورنىنى چەمبەر بىلەن سىزىپ قويدۇم ، سىرلىق ئۆيگە كىردىغان يولغا ئىستىرىلكا بىلەن كىرىش لىنيەسىنى سىزىپ قۇيدۇم ، ئەرۋاھ خەنجىرىنى ئالغاندىن كىيىن ئىككى تامچە قىنىڭىزنى ئىقتىۋتىنىڭ شۇندىلا ئەرۋاھ خەنجىرى سىزگە تەئەللۇق بۇلىدۇ ،پىرئۇستاز مۇ ئەرۋاھ خەنجىردىكى قارسىھرنى بىكار قىلالمايدۇ ،خەرىتە كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلدى ،ئەسلى ئەۋلاتلىرىمغا خەزىنە گە كىردىغان مەخپى ئۆتكەلنىڭ ئورنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئويلىغان لىكىن قەلەم تۇتقان قوللۇرۇم جانسىزلىشىپ كۆزلىرىم قاراڭغۇلۇشقا باشلىدى،ئەگەر خەزىنى بايقىسىڭىز خەزىنىدىكى بايلىقلاردىن

هالاكەت ئارخىپى

خالغانچە ئالسڭىز بولىدۇ، ئەمما پىرئوستاز نىڭ مۇردىسىنى يوقىتىشڭىز كىرەك بولمىسا جەسىتىڭىزنى قويىدىغان جايمۇ چىقماسلىكى مومكىن ،مۇشۇنچىلىك يازمۇشۇ تاپتا جاننى ئىگىسگە تاپشۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە  ھەمرا بولىدىغان ئوخشايمەن كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بەتنىڭ يىرمى قۇرۇق ئىدى، كىتابىنىڭ مۇقاۋىستا ئازراق قاننىڭ دىغى تۇراتتى ، ۋەسيەتنامىدا دىيىلگىنىدەك بولغاندا  بىز چاقىرىپ ئەكەلگەن مۇرادادەل شاھىنىڭ مۇردىس ئىدى ،شاھنڭمۇ پىرخۇنلىقتىن خەۋىرى بولغاچقا پىرخۇن مۇردا ئۈيقىغا كەتكەن  چاغدا خالغانچە ھەركەت قىلالايدىكەن ،كۆندۈزىمۇ كۆن نۇرغا بىمالال چىقالايدىكەن ،ھىلىقى كۆنى شاھىنىڭ مىنى يارلاندۇرشىمۇ بىزنى بۇجايدىن تىزراق كىتىشكە ئۈندىگىنى ئىكەنتۇق ،شاھنىڭ سىرلىق ئۆيگە بىز كىرەلمەيمىز دىگىنىمۇ بىزنى ئۆزكۆچىگە تايىنىپ مۇردىلارنى يىڭىپ ئەرۋاھ خەنجىرنى تاپسۇن دىگىنى ئىكەنتۇق ،

~قاراڭلار كىتابىنىڭ مۇقاۋىستا بىرنەرسە باركەن ،مەن كىتاپنىڭ ئاخىرسىغا يىزىلغان ۋەسيەتنامىنى تىلغا ئالماي ئۇلارنىڭ دىققىتىنى كىتابىنىڭ مۇقاۋىستىكى خەرىتىگە  مەركەزلەشتۈردىم ،چوكانچاق يىنىدىن كىچىك قەلەمتۇراچنى چىقىرىپ مۇقاۋىنىڭ ئوتتۇرسىنى ياردى ~بۇنىڭغا قاراڭلار ،شاھنىڭ بەرگەن خەرىتىسى بىلەن ئوخشاشكەن،بۇچەمبەر ئىچىگە ئىلىنغىنى  بەلكىم سىرلىق ئۆي

شۇبولىشى مۇمكىن ،...شاھنىڭ بەرگەن خەرىتىسى بىلەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى خەرىتە بىردەك ئىدى،

ـ جەملە ئاچا سىزنىڭچە بۇجايدىن چىقىپ كىتەمدۇق ،ياكى سىرلىق ئۆيگە كىرىپ ئەرۋاھ خەنجىرنى ئىزدەمدۇق ،زۇلپىيە نىڭ گىپىنى ئاڭلاپ سىرلىق ئۆيگە كىرىپ ئەرۋاھ خەنجىرنى تىپىش ياكى بۇجايدىن كىتىشنى بىلەلمەي قالدىم ،

~ئەلۋەتتە سىرلىق ئۆيگە كىرىپ ئەرۋاھ خەنجىرنى ئىزدەيمىز ،...جەملە مۇئەللىم مىنىڭچە ۋەسيەتنامىنىڭ تەپسىلاتىنى چۈشۈنۈپ بولغان ئىدى ،

~چۈشلۈك تاماقتىن كىيىن ھەركەتكە كىلەيلى ،مەن يىتەكچى ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كىيىن ئۆزۈم ئوتتۇرغا چىقىپ تەكشۈرۈش ئىلىپ بارىمىز دىگەننى باھانە قىلىپ ،ئۈچ گۇرۇپپىغا بولنەيلى ،قالغان ئىككى گۇرۇپپىنى ماۋۇ ئىككى جايغا، بىرگۇرۇپپىنى ئۆزۈم يىتەكلەپ سىرلىق ئۆيگە تەكشۈرۈشكە كىرىمىز ،...جەملە مۇئەللىمنىڭ گىپىنى ئاڭلاپلا خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتتىم ،

~بولۇڭلا تاماققا چىقايلى سىلەرنىڭ قوسۇغۇڭلار ئاچمىغان بىلەن مىنىڭ قورسۇغۇم ئىچىپ كەتتى، تاماق يىمىگىلى ئۈچ كۈن بولغاچقا تاماقنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ قورسۇغۇم داقا دۇمباق چالغىلى تۇردى . . .

~بولۇڭلار چاققان ئاشپەز ئۇستامنىڭ تامىقى تەييار بولغىنى نىكەم ...جەملە مۇئەللىم بىزنى تاماققا باشلاپ ماڭدى...

## 13 ـ باب: دوستۇمنىڭ ئۆلىمى

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، جەملە مۇئەللىم ھەممە ئوقۇغۇچىلار نى يىغىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى ،ئۈچ گۇرۇپىغا بولدى ،تەۋەككۈلچىلەر گۇرۇپپىسىقا ،مەن،ھەسەن، ساتتار ،ئەزمەت نۇر ،زۇلپىيە ،نۇربىيە ،ئاينۇرە ،دىن باشقا يەنە بىزنىڭ سىنىپ باشلىكىمىز ئادىل ،تىرشچان ئوقۇغۇچى ئالىم ،ئەڭ يېقىن دوسلاردىن گۈلنىگار ،ئايگۈل ،شەرۋانە قاتارلىق بەش ئوقۇغىچىنى بىزنىڭ تەۋەككۈلچىلەر گۇرۇپپىسىقا قوشتى ،شۇنداق قىلىپ 12كىشىدىن بىرىككەن تەۋەككۈلچىلەر گۇرۇپپىسىنى جەملە مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئەرۋاھ خەنجىرنى ئىزدەپ يولغا چىقتۇق،

"'ساۋاقداشلار ھازىر دىن باشلاپ ئەتە كەچكىچە تەكشۈرمىز ،ئەتەكەچ كۈن پېتىشتىن ئاۋال مەيلى قانداق ئىش يۈزبەرسۇن ھەممىڭلار قايتىپ چىقىپ بولۇشڭلار كېرەك ، تەييار لىقنى پۇختا قىلىڭلار يېرىم سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز ،ھەممەيلەن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ قۇدىنىش قۇرالىرنى تەق قىلىپ يولغا چىقتۇق، جەملە مۇئەللىممۇ پىلان بويىچە ئىككى گۇرۇپىنى ئىككى تەرەپتىكى كىرىش ئىشىگى تەرەپكە يولغا سالدى ،مەن ھۇشسىز ياتقان ئۈچ كۈندە ئۇلار تەكشۈرۈش ئەتىرتى كۆرسۈتۈپ بەرگەن جايلادىن كىرىش ئىغىزى ئاچقان بولۇپ ، توت تەرەپتىن بۇ ئورىدىغا كىردىغان ئىغىزنى ئىچىپ بولغان ئىدى، شاھنىڭ بەرگەن خەرىتىسى بويىچە

## هالاكەت ئارخىپى

سىرلىق ئۆيگە تۇتىشىدىغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق ،سىرتتىن قارىسا كىچىكىنە كىلىدىغان ئورىدىدا نەچچە سائەت مېڭىپمۇ سىرلىق ئۆيگە بىرىپ بولالمىدۇق ،ئوردا شۇنداق ھەشەمەتلىك ياسالغان ئىدى، ئوردىنىڭ ئالدىدىن ماڭىدىغان كارىدور نىڭ ئۇستى يەردىن ئىككى مىتىر ئىگىزلىكتە يىپىلغان بولۇپ پىشايۋاندەك ياسالغان ئىدى، كەڭلىكى تۆت مىتىرچەكىلەتتى ،،شۇسەپتىن كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ ئوردىنىڭ تىمىدىن يىرىم مىتىر كىلىدىغان يول قالغان ئىدى ،بىز بويىلدىن قىيلىنىپ دىگىدەك ،مېڭىپ ئاراندىگەندە ۋەزىر لەر قۇبۇلغا كىردىغان ئوردا قۇبۇلخانىسىقا كىردۇق ،قۇبۇلخانا ئىككى مودەك كىلەتتى ،كەڭرى سىلىنغان قۇبۇلخانا تۈرۈكلىرى ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكىدەك چوڭ ئىدى، چوڭ بولغاچقا تىخى چىرىپ كەتمىگەن بولغاچقا بۇقۇبۇلخانىمۇ ئەسلى پىتى ساقلىنىپ قالغان ئىدى ، ئالدىمىزغا مېڭىپ قۇبۇلخانىڭ ئوتتۇرغا كەلگىنىمىزدەسوغۇق شامال چىقىپ يۈزىمنى سىپاپ ئۆتتى، تەنلىرىم شۇركىنىپ كەتتى،كىچىگىمدە بوۋامدىن جىن ـ ئالۋاستى توغۇرلۇق گەپ سۆز نى ئاڭلاپ نەچچە كىچە باشقىلارخامانلىقىدا جىننى كۆرۈش ئۈچۈن تۈنگەن ئىدىم، ئەمدىلىكتە ئازراق سوغۇق شامال چىقسا ،تەنلىرىمشۇركىنىپ كەتكىننى كۆرمەمدىغان ،تىلىسەڭ تاپسان دىگەندەك بۈگۈن جىننى كۆردىغاندەك قىلاتتىم ،ئويلاپ باقمامسىز بۇنداق قاراڭغۇلۇقتا شامال كىردىغان شامال كىرىش ئىغىزى بولمىسا

## هالاكەت ئارخىپى

تۇيۇقسىز سوغۇق شامال چىقسا سىزقانداق تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز ،ئۇنىڭ ئۈستىگە قوبۇلخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن {شاھ ئولتۇردىغان تەخت دىمەكچى }تىرىك تىرىك قىلىپ ئاۋاز كىلىشكە باشلىدى ،بىز قولچىراقنى ئاۋاز ئاڭلانغان جايغا تۇتقىنىمىزچە بىرقەدەم ـ بىرقەدەمدىن ماڭماقتا ئىدۇق ،شاھنىڭ ۋەزىللەرنى قوبۇل قىلغاندا ئولتۇردىغان تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوپمۇئوخشاش ئىككى قوڭغۇراق {داڭ دىمەكچى}تۇراتتى ،ئاۋاز مۇشۇ قوڭغۇراقتىن چىققان ئىدى، بۇقوڭغۇراق خىلى چوڭ بولۇپ ساتتار خاپانباشنىڭ بىشىدەك كىلەتتى ،دىيامىتىرى ئازدىگەندىمۇ 20سانتىمىتىر كىلەتتى ،ئىچىگە توخۇ تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا ئالتۇن بار بولۇپ ئالتۇن يىپ بىلەن باغلانغان ئىدى،قوڭغۇراقنىڭ بەش سانتىمىتىر ئاستىغراق دايىيامىتىرى 10سانتىمىتىر چوڭلۇقتا ئالتۇن ھالقا بولۇپ ،ھالقىنىڭ سەككىزدانە تۆشۈكچىسى باركەن سەككىزدانە تۆشۈكچىسكە ئون سانتىمىتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭلۇقى ئادەمنىڭ چىمچىلاق بارمىقىدەك كىلىدىغان چوكائالتۇن ئىسىلغان بولۇپ ئوتتىرى كاۋاك بولغاچقا ،چىققان ئاۋازى ناھايىتى ئىنچىكە تىرىك تىرىك ئالتۇنلانىڭ بىربىرگە ئۇرۇلغان ئاۋازى ئادەمنىڭ نىرىپىلىرنى غىدىقلاپ تىچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بولسا كېرەك ،مەندىكى بايامقى قورقۇنۇچ نەلەگىدۇ غايىپ بولغان ئىدى ،بۇئالتۇن قوڭغۇراقنى ۋەزىلەر ۋاراڭ چۇرۇڭ قىلىپ قوبۇلخانىنى بىشىغا كىيگەندە ۋەزىرلەر نى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن

چالسا كېرەك ،تەختتىنىڭ ئارقى تەرپىدە خىلى چوڭ ئۆي بولۇپ بۇئۆي شاھنى قوغداپ قوبۇلخانغا ئىلىپكەلگەن ياساۋۇلانىڭ ياكى شاھنىڭ خىزمىتىنى قىلدىغان كىنىزەكلەرنىڭ شاھ قوبۇلخانىدىن يانغىچە شاھنى ساقلاپ تۇردىغان جايى بولسا كىرەك ،ئارقائارقىدىن مىڭىشىپ تەختتىنىڭ كەينىدى ئۆيگە كىردۇق ،كىرىشىمىزگە قانىسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلدى ،مۇزدەك سوغۇق شامال ئادەمنىڭ تىنى شۇركەندۇرەتى ،تۇيۇقسىز ئايال كىشىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بوشلۇقتا يەتتە كىنىزەك لەيلەپ تۇراتى ،ھەممىڭ ئۆلسەن ھاھاھا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، چىرايى بىربىردىن سەت ئىدىكى ،بەزىلىرنىڭ چىرايى ئاللا بۇرۇن چىرىپ كەتكەن ،يەنە بەزىلىنىڭ چىرايىنى تىرىسنى سويۋەتكەن گۆشتەك قان تامچىپ تۇراتى ،يەنە بىر سىنىڭ كۆزلىرى يوق ئىدى ،بوشلۇقتا لەيلەپ كىلىپ ئادىل بىلەن چوكانچاقنىڭ گىلىنى سىقىپ يۈركىنى سوغرۇشقا قولنى ئۇزاتتى ،قىزلا بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن ئەرۋاھلار نى كۆرۈپ چىقىراشقا باشلىدى، شۇدەقىقدە تەختتىنىڭ يىندىكى ئالتۇن قوڭغۇراق تىرىك تىرىك قىلىپ چىلىنىشقا باشلىدى، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى بىلەن ئەرۋاھلار چىقىراشقىنچە تومانغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىپ بولدى ،خەرىتىدىكى كۆرستىلگەن ئىستىرىلكا شاھنىڭ كۇتۇپخانىسقا ماڭىدىغان يولنى كۆرستىپ تۇراتى ،كۇتۇپخانىنىڭ ئورنىنى كىچىك ئۆي ،ئۆيىنىڭ ئىچگە كىتابنىڭ بەلگىسى سىزىپ قويۇلغان ئىدى،

ئىستىرىلكا كۆرسەتكەن يۆنىلىش بويىچە شاھىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا قاراپ ماڭدۇق ،كۇتۇپخانىغا ماڭىدىغان يولنىڭ ئۈستى شىپاڭ{ئوتتۇرىسى ئىگىز ئىككى تەرىپى پەس دىمەكچى} شەكىلدە يېپىلغان ئىدى، كەڭلىكى ئالتە مىتىر ،ئىگىزلىكى ئىككى مىتىر كېلىدىغان بولغاچ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىم مىتىر كەلگىدەك يول قىلىپ قالغان ئىدى ،يولنىڭ ھازىرقى شەكلى رومبىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى ،

"ساۋاقداشلار ھەرگىزمۇ قۇمغا تىگىپ كەتمەڭلا ،بولمىسا بۇجايغا قاپسىلىپ قىلىشىمىز مۇمكىن ،قەدەم ئالغاندا ئىھتىيات قىلىڭلار ،...جەملە مۇئەللىم بىزگە ئەسكەرتىش بىرۋەتكەندىن كىيىن ،ئۆزى ئالدىدا يولباشلاپ ماڭدى ئارقىدىن سىنىپ باشلىقىمىز ،ئۇنىڭ ئارقىسىن چوكانچاق ماڭدى ،مەن داتو (大头)بىلەن ئەڭ ئارقىسىن ماڭدىم، ئالدىمىزدا شەرۋانە ئىسىملىك ساۋاقدىشىمىز ماڭغان ئىدى ،بۇقىزنىڭ ئىنكاسى ئاستابولغاچقا ئالدىدىكىلەرگە يىتىشەلمەي ھىلى قۇم بىسىۋالدىغاندەك ناھايىتى ئاۋايلاپ ماڭماقتا ئىدى، ئالدىدىكىلەردىن خىلى كىيىن قالغان ئىدۇق،

<>ھەي مىس مىس يىتىشىپ ماڭمامسەن ،قاچانلا قارسا مىسلداپ ماڭامسەن بولەتىز ،ئالدى تەرەپتىن گۇلنىگارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، . . .كىچىك جادىگەر نىمىنداق ئادەمنى ئالدىرتىسەن ،جەملە ئاچام ماڭغاندا ئىھتىيات قىلڭلار دىگەن تۇرسا ،ئىھتىيات بىلەن مىڭۋاتىمەن ،...مىس مىس كىچىك جادىگەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەچ

قەدىمنى سەل تىزلەتتى ،ئالدىدىكلەرگە يېتىشۋالدۇق ،ئالدى تەرەپتىكلەر كۆتۈپخانىغا كەلگەن بولۇپ كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىدا بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن ،بىزيېتىشكەندىن كېيىن كۆتۈپخانىغا كىرىشكە تەييار بولۇپ قۇغدىنىش قۇراللىرنى تەق قىلىپ ھەممەيلەن بىردىن قول چىراقنى يىقىپ كۆتۈپخانىغا كىرىشكە تەمشىلىپ تۇرشىمىزغا سىنىپ باشلىقىمىز ئادىل
ھەسەن قارا ئاۋۇ ساندۇق سەن دىگەن شۇمۇ نىمە؟ ...ئادىل شۇنداق دىگىنىچە ئالدىدا كۆتۈپخانىغا كىرىپ ساندۇق ئىچىدىكى مەن چۈشۈمدە كۆرگەن تارىخنامە دىگەن كىتابنى قولغا ئالدى ،
ھەسەن قارا سەن دىگەن كىتاب مۇشۇ شۇكەن ...شارىت قىلغان ئاۋاز بىلەن قار سايە ئۇزۇن نەيزە بىلەن ئادىلنىڭ گىلنى كىسىپ ئۆتۈپ كەتتى ،
- - - نەۋىر ئاكا
...چوكانچاق ئادىلنى چاقىرغىنچە كۆتۈپخانىغا كىردى ...
چوكانچاق كۆتۈپخانىغا كىردى ، قولچىراقنى قار سايىگە تۇتۇپلا قىزلا ۋاقىرۋەتتى ،قىزلا ئەمەس مەنمۇ ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس قالدىم ،كۆرگىنىم ئىنتايىن بەتبەشىرە قاننى ئۇستى بىشگە قۇيۇۋەتكەندەك ،قان مەيدىسگە چۈشكەن ساقاللىرنىڭ ئۇچىدىن سىرغىپ ئىقۋاتقان مۇردا ئىدى ،
- ھەممىڭنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بىرىسڭمۇ ھايات چىكتىمەن

دەپ ئويىما ،ھاھاھا ...ئىنتايىن سەت قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى، چوكانچاق سومكىستىن بىر ھىلال ئاي شەكلىدە ياسالغان ،ئاي پالتىنى چىقاردى ،

~قىنى كىلە كەممەمسە ...دەپ پالتىنى كۆتۈپ مۇردىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى ،چوكانچاقنىڭ قولدىكى ئاي پالتا بولسا بىرجۈپ بولۇپ بوۋام دائىم دېگۈدەك يىنىدىن ئايرىمايدىغان نەرسىسى ئىدى ،بىر پالتا قانداق قىلىپ چوكانچاقنىڭ قولدا بولۇپ قالدى ،يەنە بىرسى چۇ ،ھازىرقى ۋاقىتتا بۇنى ئويلىنىشقا ۋاقىت يوق ئىدى ،مەنمۇ يىنىمدىن ئىككى بىسلىق پىچاقنى چىقىرىپ تۇرشۇمغا داتو {大 头}يەنە بىر ئاي پالتىنى سومكىستىن چىقىرىپ مۇردىنىڭ كەينىدىن چىپۋەتتى ،بۇ ئادەتتىكى پالتا بولغان بولسا بەلكىم ،چوكانچاق بىلەن داتۇ ئاللا بۇرۇن ئۆزنى مۇردىنىڭ تاماق ئۈستىدە كۆرگەن بولاتتى، مۇردىمۇ يەرگە يىقىلدى ،

~نەۋىر ئاكا قانداقراق ھىچ ئىش يوقتۇ ...چوكانچاق ئادىلنى ئاستا يۆلىدى ،

~مەن بولالمىدىم ،ھەسەن سىڭلىم ئايىنگارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويغىن ،ساڭا تاپشۇردۇم بۇ سىڭلىمنى ئوقتۇدىغان پۇل نەچچە يىلدىن بىرى يىغىپ قويغان ئىدىم ،...ئادىل بانكا كارتىسنى چوكانچاققا تەڭلىدى ،

~سەندە تۇرۇپ تۇرسۇن چوقۇم ساقىيىپ كىتىسەن ،...چوكانچاق بانكا

كارتىسنى ئادىلنىڭ قولدىن ئىلشقا ئونمدى ،
~سڭلمنى ساڭا تاپشۇردۇم ...ئادىل كارتىنى چوكانچاقنىڭ قولغا تۇتقۇزغۇنچە جان ئۈزدى ،...چوكانچاقنىڭ يىغلىغىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ...ھىلقى مۇردائاستا ئورنىدىن تۇردى ،
°°°ھەسەن ئىھتىيات قىل ئۇتىخى ئۆلمەپتۇ ،...مۇردا چوكانچاقنىڭ كەينى تەرپىدىنلا نەيزىنى كۆتۈرگىنچە ئورنىدىن تۇردى ، چوكانچاق پالتىنى كۆتۈرگىنچەئورنىدىن تۇردىدە ،
ـ ـ قىنى كىلە بەتبەشرە ...
چوكانچاق شۇنداق دەپلا ئۇنڭغا قاراپ پالتىنى شلتىدى ،مۇردىمۇ پالتىنى نەيزە بىلەن توستى بىراق پالتا نەيزىنمۇ كىسىپ ئۆتۈپ مۇردىنىڭ بىرقولنى كسۋەتتى ،
ـ ـ مائەمسە ئۆلە
غەزەپ ئاچچىق بىلەن پالتىنى مۇردىنىڭ بويىنغا سالدى ،مۇردىنىڭ بشى خۇددى پۇتپۇل توپتەك يۇلاپ يەرگە چۈشتى ،بۇنى كۆرگەن قىز لا چىقراپ ئادەمنىڭ قۇلاق مىڭسىنى يەپ كەتتى ،بۇلانىڭ ۋاقىرشىغا چىداپ تۇرالماي ،
°°°قايسىڭ ۋاقىرساڭ ئۇنڭغا بىرىپ ئۇنڭغا ھەمرا بولۇش .
پىچاقنى ئۇلاغا كۆرستىپ ئازراق ھەيۋە قىلىپ قويدۇم ،ھەر ھالدا تىنىچلىنىپ قالدى، چوكانچاقمۇ ئادىلغا قاراپ ئۇنسىز ياش توكمەكتە ئىدى ،مەنمۇ قانداق قىلشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم ،

"'بىز ئۆلارنى بوش چاغلاپ قاپتۇق قارغاندا چىكىنىپ چىقمىساق زادى بولماي دىغان ئوخشايدۇ ،ئادىلنى كۆتۈرۈۋالار ،كەلگەن يول بىلەن قايتىمىز ،دىگىنىچە كۆتۈپخانىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى ،قايتامدۇق ياكى داۋاملىق ئىلگىرلەمدۇق ،ئالدىمىزغا ماڭايلى دىسەك ،يەنە قانداق خەتەرلەر بىزنى ساقلاپ تۇردۇ ،يەنە قانچىلىغان مۇردىغا ئۇچرايمىز بۇنىسى نامەلۇم ئىدى، ئادىلنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرۈپ ماڭايلى دەپ تۇرساق، ئىنتايىن سەت بوغۇق ئاۋازدا ،

ـ ھىچ قايسىڭ كىتمەن دەپ ئويلىما بۇيەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە مەھكۇم ،ھا ھا ھا ئىنتايىن سەت ھىجايماقتا ئىدى ،بىر ئىككى دەل بەش مۇردا بەش تەرەپتىن قورشاپ كەلدى ،تۇرقى بىر بىردىن سەت ئىدىكى تۇغۇتى قىينىلاشقان ھامىلدار ئايال كىشى كۆرگەن بولسا چوقۇم تۇغۇۋەتكەن بولاتتى ،بىرسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئورنى قاراڭغۇ توشۇك ،بۇرنى يوق ،قۇرۇپ قالاي دىگەن ئىسكىلىت ئىدى، ،يەنە بىر نىڭ يۈزلىرىنىڭ يىرمى ئاللا بۇرۇن چىرىپ كەتكەن ئىدى ،يىرمى بولسا گۆشلىرى سىسىپ قۇرۇت قوڭغۇزلار مىغىلداپ كەتكەنئىدى ،بۇ بەت بەشرلەرگە قاراپ قانداق قىلىشنى بىلمەي ئۆلارنىڭ ھەربىر ھەركىتىنى كۈزەتمەكتە ئىدىم، ئۇمۇردىلارنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن بولۇپ چاچلىرى پىچاق نەيزىنىڭ رولىنى ئوينىماقتا ئىدى ،بىزنىڭ پىچاقلىرمىز بىلەن مۇردىلارنىڭ چاچلىرى تىگىشكەندە تۆمۈرنى تۆمۈرگە ئۇرغاندەك پايدىسى

بولمايۋاتاتتى ،لېكىن چوكانچاق بىلەن داتو نىڭ قولدىكى ئاي پالتىلا مۇردىلارنىڭ چاچلىرىنى كېسىپ تاشلاۋاتقان ئىدى،نىملە بولمىسۇن بوۋام نەچچە يىل قەۋرە تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇئاي پالتىنى مۇردىلارنىڭ قىنى بىلەن بويىغان تۇرسا مۇردىلانىمۇ يوقتالايدۇ ئەلۋەتتە، ، ئايگۈل بىلەن شەرۋانە كىتاب ئىشكاۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىشى ئىچگە تىقىۋىلىپ ئولتۇراتتى ،كىتاب ئىشكاۋىنىڭ يېنىدىن يەنە بىر مۇردا چىقىپ ئۇ ئىككىسىنى چاچلىرى بىلەن قورسىغىدىن باغلاپ بوشلۇققا كۆتۈردى ،ئۇلار ۋارقىراپ ؛

_كىچىك جادىگەر بىزنى قۇتقۇزىۋال تېز بوساڭچۇ ،ئۇلار ئىككىسى گۈلنىگار دىن ئۆتۈندى ،...

ـ مانا ھازىر

گۈلنىگار شۇنداق دەپلام ،يېنىدىن ئىككى پىچاقنى چىقىرىپ قولنى كېسىپ قانلىرىنى پىچاققا سۈرىدىدە چۈشۈنىكسىز نەرسىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى ،ئايگۈلنى ئالمىنىڭ يىنغا چۆ رۈپ تاشلىۋەتتى ،شەرۋانەچۆ رۈپ كىتاب جازىسقا ئاتتى ،شەرۋانە چۈشكەن جايدا ،مىدىرلىماي ياتاتتى ،ئايگۈلنى ئالىم يۆلەپ تۇرغۇزدى ،شەرۋانە بىلەن ئايگۈلنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن مۇردا ،بايام چوكانچاق بىشىنى كىسۋەتكەن مۇردىنىڭ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن نەيزىسىنىڭ ئۈچىنى چاچلىرى بىلەن ئالدىدە ئايگۈلگە قارتىپ ئاتتى ،ئالىم ئايگۈلنى توسۋالغان بولسىمۇ ئەمما نەيزە ئالىمنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئايگۈلنىڭ

كۆكرىكىنىمۇ تىشۋەتىدە ئۇلارنىڭ كەينىدىكى مۇردىنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ تۇختىدى ..

## 14 ـ باب:ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش

ئالىم بىلەن ئايگۈلنىڭ كەينىدىكى مۇردىنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ تۇختىدى، چوكانچاق پالتا بىلەن نەيزىنى كىسۋەتمىگەن بولسا بەلكىم ئۇلار ئۇچى خۇددى كاۋاپچى كاۋاپ زىخلىغاندەك نەيزىگە زىخلىنىپ قالغان بولاتتى، ئالىم كەينىگە يىقىلدى ،ئالىمنىڭ ئۈستىگە ئايگۈل يىقىلدى ،بۇكۆرنۈش كىنولاغا ئوخشاپ قالغان ئىدى ،گۈلنىگار ئايگۈل دەپ چاقىرغىنىچە بار ئاۋازى بىلەن ۋاقىردى ،گۈلنىگارنىڭ ۋاقىرشى خۇددى گۇمپا فىلىمدىكى چىقرايدىغان ئايالنىڭ ئاۋازىدەك قۇلاقنى يارغىدەك ئىدى ،گۈلنىگار چۈشىنىكسىز نەرسىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى ،بارابارا بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى ،ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى سەت ئاڭلىنىشقا باشلىدى مۇردىلارمۇ سەت ھۆكۈرگىنىچە بىزلە بىلەن كارى بولماي ھەممىسى دىگىدەك گۈلنىگارنى ئورۋالغان ئىدى،گۈلنىگار بىزنىڭ قولىمىزدىكى پىچاق ،پالتىلار ئۇچۇرتىپ ئۆزنىڭ ئەتراپىغا ئەكەلدى بۇئامىركىنىڭ فانتازىيەلىك فىلىملىردا چىقىدىغان كۆرنىشلەر ئىدى، كىنوخانىدا قىستىلىپ دىگىدەك ھەق تۆلەپ كۆرەتۇق ھازىر بولسا بۇ كۆرنىشلەرنى ھەقسىز

كۆرۋاتقان ئىدىم، گۆلنىگار قولنى كۆكسىگە ئەكەلدى ئاندىن ئالدى تەرەپكە بىرنەرسىنى ئىتتىرگەندەك قىياپەتتە قولنى ئالدىغا كۆچەپ ئىتتىردى ،ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پىچاق ،پالتىلار ئۇچۇپ بىرىپ مۇردىلارنى بەدەنلىرنى يارا قىلماقتا ئىدى ،مۇردىلارنىڭ بەدىنىدىن ئىقىپ چىققان قان يىرىڭلار ،بىرخىل بەتبۇي پۇراپ پۇتۇن كۆتۈپخانىنى بىر ئالغان ئىدى ،مانا بۇ ئايگۇل ئۇچۇن پالتا ئۇچۇپ بىرىپ مۇردىنىڭ قولنى كىسىپ تاشلىدى ،پىچاق ئۇچۇپ بىرىپ ئىككى كۆزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تەگدى ،مۇردا قاتتىق ۋارقىراپ يەرگە يىقىلدى ،مانا بۇ ئالىم ئۇچۇن پالتىنى ئۇچۇرتىپ يەنەبىر مۇردىنىڭ بىشىنى ئۈزۈەتتى ،مۇردىنىڭ بىشى توپتەك يۇملاپ يەنە بىر مۇردىنىڭ يىنىغا چۈشۈتى،مۇردىلار تىخمۇ قاتتىق ھۆكىرگىلى تۇردى  ،مانا بۇ ئادىل ئۇچۇن پالتىنى بىشىنىڭ چوقىسىقا سالدى بوينىغا كەلگەندە پالتىنى قولنى شۇنداقلا شىلتاپ پالتىنى چىقىرۋالدى ،مۇردىنىڭ بىشى خۇددى باناننىڭ سويۇەتكەن شۆپىكىدەك بولاپ قالغانئىدى ،بىشى ئىككى يانغا ساڭگىلىغان ھالەتتە يەرگە يىقىلدى ،بۇ مىس-مىس ئۇچۇن ،دىگىنچە قالغان مۇردىلارنى پىچاق ،پالتىلارنى ئۇچۇرتىپ چىپىپ تاشلىدىدە ،يەرگە لەرزان ھالەتتە چۈشتى،گۆلنىگار يەرگە چۈششىگە مۇردىلارنىڭ ئۆلۈكلىرى قۇمغا ئايلىنىپ كەتتى ،بىزمۇ دەرھال ئالىم بىلەن ئايگۈلنىڭ يىنىغا باردۇق ،بىراق ئۇلار  ئۆلۈپ بولغان ئىدى ،گۆلنىگار شەرۋانەنىڭ يىنىغا

بىرىپ ؛
ـ مىس ـ مىس كۆزنىڭنى ئاچە ...
دىگىنچە يۈزىگە يەڭگىل شاپاللاپ قويدى ، ئاران تەستە كۆزىنى ئېچىپ
؛
ـ ئايىنگار چۇ قانداراق ...
گۈلنىگار نىمە دىيىشنى بىلمەي ئۈنسىز ياش توكمەكتە ئىدىم ، شەرۋانەمۇ گۈلنىگارنىڭ ياش تۆككىنى كۆرۈپ مەڭزىدىن ياشلىرى سىرغىپ چۈششكە باشلىدى ،
ـ كەچۈرگىن مىس ـ مىس مەنمۇ قولۇمدىن كىلىشچە تىرىشتىم ...
گۈلنىگار يىغلامسىراپ شۈنداق دىگىنچە شەرۋانەنى ئاستا يۆلىمەكچى بولدى ،
ـ ۋايجان بىقىنىم ئاغرىپ كەتتى ...شەرۋانە ئوڭ بىقىنىنى تۇتقىنچە كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيلۇپ كەتتى ،جەملە مۇئەلىم تەكشۇرۇپ بىقىپ قوۋرغىڭىز سۇنۇپ كىتىپتۇ ،ھەركەت قىلماڭ ،دىگىنچە ماڭا قاراپ سىرتقا چىقىپ تۇرۇڭ دىگەن مەنىدە بىشىنى لىڭشىتىپ قويدى ،مەنمۇ نۇر،داتۇ،چوكانچاقلانى ئىلىپ سىرتقا ماڭدىم ،چوكانچاق مىڭىش ئالدىدا ھىلىقى تارىخنامە دىگەن كىتابنى ئىلۋالدى ،كۈتۈپخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپخانائىشكىنى يىپىۋتىپ تامغا يۆلەنگىنىمچە ئۆلتۇردۇم ،چوكانچاق كىتابقا قارغىنچە ھاڭۋىقىپ تۇراتى ،
°°°بولدى ھەسەن كۆڭلىڭنى يىرىم قىلما ،كۆرگەن چۈشۈمنى ساڭا

ئىتمىسام بوپتىكەن ،بولمىسا ئادىلمۇ جىنى سەپ بەرمەس بولغىتى ،
ـ ـ بولدى قىل باتۇر مەنمۇ مۇشۇ نەس باسقۇر كىتابنى تىپىشنى ئويلاپ كىتىپتىمەن ،ئادىلنىڭ ئالدىراقسان مىجەزىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا سىنىڭ چۈشىڭدە كۆرگەن ئىشلانى دىدىم ،كىرگەندىن كىيىن كىتابنىڭ ئىزدىركىنى قىلىپ بىقىشنى ئىتتىم ،نىملە بولمىسۇن كۆپنىڭ كۈچى كۆپ دەپ ئويلاپتىمەن ،بولدى بۇئىشلانى تەگمەيلى بەلكىم ئۇنىڭ تەقدىرگە مۇشۇ جايدا ئۆلۈش پۈتۈلگەندۇ ،تەڭرى بىزگە بەرگەن نەرسنى ھامان بىر كۈنى قايتۇرۋالىدۇ ،پەقەت ۋاقىت مەسلىسى خالاس، بولدى بۇ گەپنى دىيىشمەيلى ،دىگىنچە قولدىكى كىتابقا قاراپ قويدى ،

°°°ھەسەن كىتابنى ئەكىلە كۆرەپ باقاي بەلكىم كىتابتا بىزگە پايدىلىق نەرسلە بوپ قالسا ھىچ گەپ ئەمەس ،...كىتابنى قولۇمغا ئىلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم ،

ـ ـ باتۇر بولدى قارما بىزگە پايدىلىق نەرسە باردىيلىسمۇ بەلكىم پىرخوننىڭ قىلتىغى بولشى مومكىن ،ئويلاپ باقا باشتا يەكچەشمىدىن خەت كەلدى ،ئاندىن كىيىن شاھنىڭ مۇردىسنى چاقىردۇق شاھ بىزنى دەسلۇۋىدە كىتىشكە ئۇندىدى كىيىن بىر پارچە خەرىتە بەردى ،خەرىتىدە بەلگە قىلىنغان جايدا ئادەم ماڭغىدەكلا يول قىپقاپتۇ ،مىنىڭچە بىزنىڭ خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن جاي بىلەن مىڭىشمىز ئۆزىمىزنى ئۆلۈم يولىغا ئىتىرگەن بىلەن باراۋەر ،تىخى

كۆتۈپخانىدىكى مەخپى يولغا كىرمىدۇق ،كىرسەك بەلكىم ھەممىز ھاياتىمىزدىن ئايرىلىپ قىلىشىمىز مۇمكىن ،ھەسەن ئۆزىنىڭ ئۆيلىغانلىرنى بايان قىلدى،

داتۇ؛

ـ باتۇر ئىسىگدە بارمۇ نىياز بوۋام ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا تەكشۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەندە مۇردا ،جىن ـ ئالۋاستى ،تىرىك جەسەت توغۇرسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرى ...

داتۇنىڭ ئىتقانلىرنى ئاڭلاپ بوۋامنىڭ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئىسىمگە كەلدى ،

چوكانچاق ؛

ـ نىيازبوۋا سىز مۇردا ،تىرىك جەسەت ،جىن ـ ئالۋاستىلاردىن قايسىدىن بەكرەك قوقسىز ...

بوۋام؛

ـ جىن ـ ئالۋاستىلاردىن قورقۇپ كەتمەيمەن ،تىرىك جەسەت دىگەن ئانچە مۇنچە ئادەمگە پۇتلا كاشاڭ بولىدىغان نەرسە بىرتىپككە يارمايدۇ ،ئەڭ قۇقۇنۇشلۇق بولغىنى قارسايە ئىچىدىكى نامەلۇم نەرسە ،ئۇنەرسىنىڭ نىملكىنى بىلسەكلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش چارىسى بولىدۇ، مۇردا دىگەن خۇددى بۆرىگە ئوخشايدۇ ،تالايمەنلا دەيدۇ ئادەمنىڭ بىرچىشلەم گۆشنى يىسەم قىنى ئىچسەم دەيدىغان ئەقلى،ئاڭ سەزگۈسى بولمىغان نەرسە، مۇردىنىڭ قولغا قىلچىنى تەتۈر

تۇتقۇزرۇپ قويساك ھەرگىزمۇ ئوڭشاپ تۇتماي تەتۇر تۇتۇپ يۇرىۋېردۇ ، مۇردىنى ئۆلتۇرۇش ئاسان بولغان بىلەن ئەجەللىك يىرگە پىچاق سالمىسا ئۇيەنە قايتا تىرلىدۇ ،

چوكانچاق ؛

ـ نىياز بوۋا ئۇنداقتا مۇردىنىڭ ئەجەللىك يىرى قەيەردە؟

بوۋام؛

مۇردىنىڭ ئەجەللىك يىرى دەل بىشىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا پىچاق سالغاندا بىشىنىڭ ئوتتۇرسىغا سالسا مۇردىلار قايتا تىرلەلمەيدۇ ،...

بوۋامنىڭ سۆزلىرنى ئىسمدىن كەچتى

ooo

بوۋام مۇردىنىڭ ئەقلى ،ئاڭ سەزگۇسى بولمايدۇ دىگەن ئەمەسمۇ ،بايامقى مۇردىلار ناھايتى ئەقلىلىق ئىكەن ھەركىتىمۇ شۇنداق چاققان ئىكەن ،مىنىڭچە بولغاندا يەكچەشمىنىڭ خىتىدە دىگەن گەپلىرى پۈتۈنلەي يالغان گەپكەن ...

نۇر؛

باتۇر دىمەكچى بولغىنىڭ يەكچەشمە خىتىدا دىگەندەك بۇئورداخارابىسگە كىرىپ كەتكەنلەرنى ئىزدەش ئۈچۈن كەلگىنى يالغان دىمەكچىمۇ ...

ساتتارداتۇ؛

بۇنىمۇ سوراش كىتەمدۇ مەت ئابدۇ جاپپار دىگەن يەكچەشمە

بۇئورداخارابىسكە كىرىپ كەتكەنلەرنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۆزى بۇئوردىغا كىرگەن بولىشى مومكىن ...

مەن؛

داتۇ توغرا دەيدۇ ،يەكچەشمە بۇيەرگە بىرقىتىم ئەمەس بەلكى ئىككى قىتىم كىرگەن ،ئۇبىزگە ئەۋەتكەن كىتابنىڭ ئاخىرقى بىتىدە بىرپارچە ۋەسىيەتنامە باركەن ۋەسىيەتنامىدا ئەرۋاھ خەنجىرى تىلغا ئېلىنىغان يەنى كىلىپ ئوردا خەزىنىسىمۇ تىلغا ئېلىپتۇ ،خەزىنىگە كىرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئوتكەللەردىن ئۆتۈشكە توغرا كىلىدىكەن ،ئەرۋاھ خەنجىرى بىلەن پىرخون مۇردىنى يوقتىۋەتسە خەزىنىدىكى بايلىقلاردىن خالىغانچە ئالسا بولىدۇ،يەنى بىرپارچە خەرىتە كىتاب مۇقاۋىسقا يوشۇرۇلدى دەپ يىزىپتۇ ، مىنىڭچە بولغاندا يەكچەشمە بىرىنچى قېتىم كىرگەندە بىزگە ئەۋەتكەن كىتابنى بايقىغان ھەمدە بۇجايدىن بىخەتەر ئايرىلغان ،كىتابتىكى ۋەسىيەتنامىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ،خەرىتىنى ئېلىپ ئىكىنچى قىتىم قايتا كىرگەن بولىشى مۇمكىن ،بايلىق ئۈچۈن ياكى ئەرۋاا خەنجىرى ئۈچۈن ...

نۇر؛

مىنىڭچە بولغاندا بايلىق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئەرۋاھ خەنجىرى ئۈچۈن كىرگەن ،بۇ پىرخون مۇرداغا بىرقىتىملىق ئاگاھلاندۇرۇش بولغان ،ئەرۋاھ خەنجىردىكى سېھرنى بىكارقىلالمىغاچقاھەم ،ئەرۋاھ خەنجىرگە يىقىنلىشالمىغاچقا پەقەت ئەرۋاھ خەنجىرنى قۇغداپ ئۆزگە

بولغان خەتەرنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇمۇردىلارنى سىھرىبلەن ئەقىللىق ،ئاق سەزگۈسى باربولغان مۇردىغا ئايلاندۇرغان بولىشى مۇمكىن ، بۇنىڭدىن يەكچەشمىنىڭ بايلىق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئەرۋاھ خەنجىرى ئۈچۈن كىرگەلىكىنى بىلۋالغىلى بولدۇ ...

داتۇ ؛

كېينكى قەدەمدە قانداق قىلىمىز ،داۋاملىق ئالدىمىزغا ماڭامدۇق ياكى قايتىپ چىقامدۇق ،

نۇر؛

بىزئاۋال قايتىپ چىقىپ يەكچەشمىنى تاپايلى ،بەلكىم يەكچەشىملا بۇجايدىكى بەزى ئەھۋاللانى بىلدىغان كىشى چوقۇم بىزگە ياردەم قىلالايدۇ ،

ھەممىز نۇرنىڭ پىكرىنى قوللاپ چىقىپ كىتىشنى تاللىدۇق ،جەمىلە مۇئەلىمۇ شەرۋانەنىڭ سۇنۇپ كەتكەن قوۋرغىسىنى تىڭىپ قويۇپ كۈتۈپخانىنىڭ ئالدىغا چىقتى ،

جەمىلە مۇئەللىم ؛

سىلەمۇ بايامقى ئەھۋالنى كۆردۈڭلا داۋاملىق ئالدىغا مىڭىش ياكى قايتىشنى ئۆزۈڭلا تاللاڭلار ،...

قىزلامۇ بىزلەرنى بىرنەرسە دىسۇن دىگەندەك گەپ قىلماي سۈكۈتتە تۇردى ،

داتۇ ؛

بىزنىڭ يەنىلا قايتىپ كەتكىنىمىز ياخشىدەك قىلىدۇ ،داۋاملىق ئالدىمىزغا ماڭمىز دىسەك بەلكىم جەسىدىمىزنىمۇ قويىدىغان يەر چىقمىغىدەك ...

جەملە مۇئەللىم ؛

ئۇنداق بولسا قايتايلى باشقا ھەمسىنى يىغىپ بارمەسلەت ئىش قىلايلى ...

جەملە مۇئەللىم يىندىن سۆزلىشى ئاپىراتىنى چىقىرىپ باشقا مۇئەللىملەر بىلەن ئالاقىلاشتى ،ئۇلارغا قايتىپ چىقىشنى ئېيتىپ قويۇپ بىزمۇ كىرگەن يولىمىز بىلەن قايتىپ چىقتۇق ،باشقا ئۆقۇغۇچىلارمۇ مۇردىغا ئۇچۇرغان بولۇپ نەچچىسى يارلانغان ئىدى ،ياردارىبولغان ئوقۇغۇچىلارنى دوختۇرخانىغا يولغا سىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرغا ئۇختۇرۇش قىلدى ،بىزمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ چوكانچاق ،داتۇ ،نۇر بىلەن مەت ئابدۇجاپپارىيەكچەشمە بىلەن كۆرشۇش ئۇچۇن ،يىقىن ئەتراپتىكى كەنتكە قاراپ يول ئالدۇق ...

## 15 ـ باب: زۇلمەت شاھزادىسى

يىقىن ئەتراپتىكى كەنتكە قاراپ يول ئالدۇق ،مىڭىش ئالدىدا جەملە مۇئەللىمگە بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ  ئۇخەتنى جەملە مۇئەللىم دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەتنى جەملە مۇئەللىمنىڭ يانچۇقىغا سىلىپ قويدۇم ،ئىختىيارسىز لا سائىتىمگە قاراپ قويدۇم ،كەچ سائەت بەش بولغان ئىدى ، ،

مەن ؛

ـ ئەزمەت ئۇبالا ئۆزىنىڭ قايسى كەنتتىن ئىكەنلىكىنى ئىتقانمۇ قانداق قىلىپ ئوبالىغا ئۇچراپ قالدىكى ؟توغراقلىقتا قاراپ ماڭغىنىمچە نۇردىن سوردۇم ۔

نۇر ؛

ـ قانداق قىلىپ بولاتتى ،شۇ ئاشپەز ئۇستامغا ياردەملىشىپ ئوتۇن تەرگىلى توغراقلىقتا كىرگەن ،شۇۋاقىتتا ئۇبۇتەرەپتىن كىلىۋېتىپتىكەن ،

نۇركۆرسەتكەن تەرەپ دەل بىز ماشىنا بىلەن كەلگەن يول ئىدى، نۇرسۆزىنى داۋام قىلدى ؛

ـ ئۇ يىنىمغا كىلىپ مەندىن ،سىز تەكشۈرۈشكە كەلگەنمۇ ؟دەپ سوردى مەنمۇ ھەئە ،دەپ جاۋاپ بەردىم ،ئۇ ئۆزىنىڭ يىقىن ئەتراپتىكى كەنتتىن كەلگىنى ،بۇيەردە ،جىن ـ ئالۋاستى، مۇردا ،يەنە بىر مۇردىلارنىڭ شاھى بولغان  پىرخۇن مۇردىنىڭ ،بىز تەكشۈرۈشكە

كەلگەن جايدا ئىكەنلىكىنى ئىتقان ئىدى، مەنمۇ ئىشىنىش ياكى ئىشەنمسلىكنى بىلمەي سىنىڭ يىنىڭغا باشلاپ ئەكىردىم ،پەقەتلا ئۆزىنىڭ يىقىن ئەتراپىنكى كەنىتتە تۇردىغىنى ئىتتى ،ئۇكەنتنى توغرالىق دىگەندەك قىلغان ،بەك جىددىلىشىپ كەتكەچكە تازا ئىسىمدە قالماپتۇ ،بولمىسا بىز مۇشۇ يول بىلەن يىقىن ئەتراپتىكى كەنتكە بىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى ،مەت ئابدۇ جاپپار يەكچەشمە ،چوقۇم تونۇيدىغان ئادەم چىقىدۇ،

نۇرنىڭ گىپى بىلەن توغراقلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق ،

مەن؛

ـ ھەسەن بوۋامنىڭ پالتىسى قانداق بولۇپ سىنىڭ قولۇڭدا بوپ قالدى ،بىكارماڭغىچە چوكانچاقتىن پالتىنىڭ ئىشنى بىلۋالغىم كىلىپ چوكانچاقتىن سوردۇم ،

چوكانچاق ؛

ـ بۇمۇنداق ئىش نىياز بوۋام ئۆلۇپ كىتىش ئالدىدا بىرجۇپ ئاي پالتىنىڭ بىرنى ماڭا بىرنى ساتتارغا بەردى ،يەنە بىر تىلكامىرامۇ بار ،دىدى جاۋابەن

مەن ؛

ـ سىلەر ئىككىڭلار قانداق بولۇپ دوختۇرخانىدا بولۇپ قالدىڭلار ،

چوكانچاق؛

ـ شۇچاغ ئادىلنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن ۋاختى ئىدى، سىڭلىسى

ئاينىگارنىمۇ بىللە ئىلۋالغان ئىدى، سەنمۇ بىلسەن ،مەن يالغۇزبالا ئاكامۇ ئىنىممۇ يوق ،ئاچاممۇ سىڭلىممۇ يوق ،شۇسەۋەپتىمۇ مەنمۇ نەۋرئاكام ئادىلغا قەۋەتلا ئامراق ،ئاينىگارغىمۇ ھەم شۇ ،شۇۋاقىتتا ئۇلار نىڭ يېزىسقا كەلگۈن كىلىپ ئادىلنىڭ ئاتا ئانىسى ۋە نۇرغۇنلىغان كىشلەر ھاياتىدىن ئايرىلدى ،ئاينىگار بۇئىشنى ئاڭلاپلا قان قۇسۇپ ھۇشىدىن كەتتى ،بۇۋاقىتتا ساتتارمۇ بارئىدى ،بىزدەرھال ئاينىگارنى دوختۇرخانىغا ئەكىردۇق ،شۇۋاقىتتا نىيازبوۋامنى جىددى قۇتقۇزۇش بولىمىدىن ئەپ چىقۋاتقىنى كۆرۈپ دەرھال كەيىندىن ئەگەشتۇق ،نىياز بوۋامنى ئەكىرگەن ياتاقتا زۇلپىيەنىڭ بوۋىسى ،ئاينۇرەنىڭ بوۋىسىمۇ باركەنتۇق ،نىيازبوۋام بىزنىڭ كىرگىنىمىزنى كۆرۈپ ياتاقتىكى سومكىستىن پالتىنى چىقرىپ بىرنى ساتتارغا يەنە بىر نى ماڭا بەردى ،يەنە بىر تىلكامرانى بەردى بۇنى سىنىڭ 21ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىڭدە بىرشىمنى ئىتتى ،كيىن بىزمۇ ئاينىگارنىڭ يىنىغا چىقىپ كەتتۇق ،ئاينىگار ھۇشىغا كەلگەندىن كىيىن نىيازبوۋامنىڭ يىنىغا چىقسام سەنمۇ كىلىپ بوپسەن ،چوكانچاق شۇئىشلانى ماڭا دەپ بولۇپ پالتىغا قاراپ قويدى ،

مەن:

ـ ئۇنداقتا ھىلىقى تىلكامرا ھازىر قەيەردە ؟

چوكانچاق :

ـ خاتىرجەم بول مەن ناھايىتى ياخشى ساقلاپ قويدۇم ،21ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىڭدە ساڭا بىرىمەن ،

مەن:

ـ بوپتۇ ئەمسە ،پاراڭلاشقاچ ماڭغاچقىمۇ بىردەمدە قاراڭغۇ چۈشۈپ كىتىپتۇ ،

مەن ؛

ـ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى ،نىمانداق تىنچە بىرىپ بولالمايمىز ،ئىختىيارسىز يەنە سائىتىمگە قاردىم سائەت ئەمدى 5:45دىگەننى كۆرستىپ تۇراتى ،لىكىن ئاسمانغا يۇلتۇزلار چىقىپ كەتكەن ئىدى ، ھەي سائىتىڭلارغا قاراڭلا مىنىڭ سائىتىمنىڭ باتارىيە سى قالمىدىمۇ قانداق ،بۇگىپىم بىلەن ھەمسى سائىتىگە قاراپلام ئاھ خودا دەپ تولىۋەتتى ،ھەممەيلەننىڭ سائىتى 5:45دىگەنى كۆرستىپ تۇراتى ، مەن:

ـ

قاراڭغۇ چۈشسىمۇ قۇملۇقتا بۇنداق تىز قاراڭغۇ چۈشمەيدىغاندۇ ،ھازىر 9ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى ۋاقىت تۇرسا سائەت 7لەردە قاراڭغۇ چۈسسە توغرا بولاتى ،چوكانچاقنىڭ ئاڭلاڭلا نىمە ئاۋاز ،دىگەن گىپىنى ئاڭلاپ پۈتۈن دىقتىم بىلەن تىڭشىدىم ،بىريەردىن يىلاننىڭ نەشتىرنى چىقارغان ۋاقىتتىكى ھىش ھىش دىگەندەك ئاۋاز چىقۋاتقان ئىدى، توغرا يىلاننىڭ ئاۋازى ئىدى ،بىرئىكىكى ئەمەس

هالاكەت ئارخىپى

ناھايىتى كۆپ ئىدى، چوكانچاق سومكىستىن قولچىراقنى چىقىرىپ ئەتراپنى يورۇتتى ،ئەتراپنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم ،ئەتراپتا يىلانلار خۇددى جەڭگە تەييارلانغان ئەسكەردەك سەپ تۈزۈپ بىزنى قورشىۋالغان ئىدى، تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە خىلى كۆپ ئىشلارغا ئۇچراپتىمەن لىكىن يىلاننىڭ سەپ تۈزۈپ ئادەمگە ۋۇجۇم قىلغىننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى، ئىختىيارسىزلا پىچاقنى قولۇمغا ئالدىم ،چۇكانچاق بىلەن داتۇمۇ پالتىنى ئېلىپ ئۆلگۈرگەن ئىدى ،نۇربولسا قولغا بىر توك كالتەك ئىلىۋالغان بولۇپ شۇنداق بىر سىلكىۋىدى يىرىم مىتىر ئۇزاردى ،بىربىرىمىزگە كەينىمىزنى قىلىپ تۆتىمىز تۆت تەرەپكە قاراپ تۇردۇق ،بارغانچە يىقىنلىشىپ كەلدى ،يىرىم مىتىر قالغاندا ئوقيا ئاتقاندەك سىلكىنىپ ئىتىلىشقا باشلىدى ،بىزمۇ بوش كەلمەي بىزگە ئىتىلغانلىرنى چانىماقتا ئىدۇق ،ئاردىن 15مىنۇتلا ئۆتۈپ يىلانلارنىڭ ۋۇجۇممۇ سەل ئاستىلاپ قالدى ،ھىرىپ قالدىممۇ ئىختىيارسىز يىنىمدىكى توغراققا يۆلىنىۋالدىم ،

چوكانچاق :

ـ باتۇر ئىھتىيات قىل ،بىشىڭنىڭ ئۈستىدە يوغان يىلان باكەن ...

چوكانچاق شۇنداق دىگىنچە پالتىنى ماڭا قارتىپ ئاتتى ،شۇۋاقتىتا ئوقتەك تەرپىمدىن بىر پىچاق ئۇچۇپ كىلىپ پالتىنى سوقۇپ يەرگە چۈشۈرۈەتتى ،پىچاق بولسا توغراقنىڭ بىر شىخىغا سانجىلىپ قالدى ،ئارقىدىنلا نەي ئاۋازى ياڭرىدى ، يىلانلارمۇ ۋۇجۇمنى توختىتىپ

نەي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغاندەك بوياىنلىرنى ئۇيان بۇيان قىلغىنچە كۆزدىن غايىپ بولدى ،

داتۇ:

ـ باتۇر بىشىڭدا يوغان يىلان بار مىدىرلىما ،

داتۇ شۇنداق دەپلا پالتىنى يىلانغا توغۇرلاپ ئاتتى ،ئويلىمغان يەردىن بۇقتىم ئاينۇرە قولدىكى پىچاقنى ئېتىپ تىزلىك بىلەن پالتىنى سوقۇپ چۈشۈرۋەتتى ،

ئاينۇرە :

ـ بۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ ،بۇدىگەن رىۋايەتلەردىكى زۇلمەت دۇنياسىنىڭ ئەلچىسى ،قوش ئەجدىرھا باشلىق يىلان ...بۇيىلاننىڭ ئىككى بىشى باربولۇپ بىربىشى ئۆزئورنىدا ،يەنە بىر بىشى يىلاننىڭ قۇيىقىغا جايلاشقان ئىدى، باش شەكلى ئەجدىرھاغا ئوخشايتتى ...

مەن ؛:

ـ سەن زۇلمەت دۇنيا سىنىڭ ئەلچىسى ،ئالدىمدا تۇرغا يىلانغا قاراپ سوردۇم يۇ ،سورغىنىمدىن ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ كەتتىم ،چۈنكى ئالدىمدىكى نە ئادىمزات بولسۇن ،ئۇدىگەن بىر زۇۋانسىز مەخلۇق ئىدى، ئۆيلىمغان يەردىن بۇ زۇۋانسىز مەخلۇق ماڭا قاراپ گەپ قىلغان ئىدى ،

زۇلمەت دۇنياسىنىڭ ئەلچىسى :

ـ شۇنداق زۇلمەت شاھزادىسى ئەجىبا مىنى ئەسلىردىن چىقىرىپ

قويغان ئوخشىمامدىلا ،ئۇنىڭ گەپلىرنى ئاڭلاپ ئازراق ھەيران قالدىم ،تۈيىقسىز ئەتراپىمىز يورۇپ كەتتى ،

مەن :

ـ بىرىنچىدىن مەن سىنى تونۇمايمەن ،ئىككىنچىدىن مەن زۇلمەت شاھزادىسى ئەمەس، ئۈچۈنچىدىن سەن زۇلمەت دۇنياسىنىڭ ئەلچىسى بولامسەن بولمامسەن ،مەنبىلەن ئالاقىسى يوق ...

زۇلمەت دۇنياسىنىڭ ئەلچىسى :

ـ ئەلۋەتتە ئالاقىسى بار ،بىرىنچىدىن ئۆزلىرى زۇلمەت ساھزادىسى ئىكىنچىدىن ئەرۋاھ خەنجىرنىڭ خوجايىنى بولۇش ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەن ،ئۈچىنجىدىن زۇلمەت دۇنياسىدىكى ئالۋاستى ،ئادەمخور قۇش ،قانخور ئەجدەرھا نى پەقەت ئەرۋاھ خەنجىرى يوقتالايدۇ ،ئۇلانى يوقتۇش ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئاللا بۇرۇن پۈتۈلگەن ...

ئۇنىڭ گەپلىرنى ئاڭلاپ ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالدىم ،يىنىمغا قاردىم چوكانچاق ھەيكەلدەك مىدىرلاپمۇ قويماي تۇراتتى ،چوكانچاقلا ئەمەس ھەممىسى ھەيكەلدەك مىدىرسىدىر قىلماي تۇراتتى،

مەن :

ـ ئەمسە نىمشقا بىزگە يىلانلار بىلەن ۋۇجۇم قىلىسەن؟

زۇلمەت دۇنياسىنىڭ ئەلچىسى :

بۇ مەلىكىنىڭ بۇيرىقى ئۆزلىرىنىڭ ماھارتىنى سىناپ باقماقچى خالاس

،سلىنى ئالۋاستى ،ئادەمخور قۇش ،قانخور ئەجدىرھانى يوقاتقىدەك جۇرەتلىرىنىڭ بار يوقلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدۇق، ھەقىقەتەن زۇلمەت شاھزادىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلا ،مىنىڭمۇ ۋەزىپەم ئاخىرلاشتى مەنمۇ قايتاي ...

شۇنداق دەپ لا كۆزدىن غايىپ بولدى ،ھەممىسى بايامقى ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى ،

مەن :

-زۇلپىيە قانداق بولۇپ كىپ قالدىڭىز؟ پىچاقنى سومكىغا سالغاچ ،زۇلپىيە دىن سوردۇم ،

زۇلپىيە :

-جەملەئاچام سلەرگە يەنە بىرە ئىش بوپ قالمىسۇن ،كۆپىنىڭ كۈچى كۆپ دەپ سلەرگە ياردەملىشىپ خەت ئەۋەتكەن كىشىنى ئىزدەشنى ئىتتى ،

مەن :

-ئۇنداقتا بىللە ئىزدەيلى يۈرۈڭلا ،توغراقلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق ،ئاردىن يىرىم سائەت ئۆتكەندىن كىيىن يىراقتىن ئۆيلە كۆرنۇشكە باشلىدى ،بىزمۇ كۆرۈنگەن ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدۇ ،بۇۋاقىتتا كەچكى شەپەق نۇرى زىمىنى سۇس يورتۇپ تۇراتى ،تۈن پەردىسنى يىپىشقا تەمشەلگەن ئىدى،

## 16 ـ باب:يەكچەشمىنىڭ سەرگۈزەشتىسى

ئازراق مېڭىپ كۆرۈنگە ئۆيىنىڭ قشىغا كەلدۇق ،لاي كىسەكتىن ياسالغان كۆنىراپ كەتكەن ئۆي ئىدى، ئازراق يەرتەۋرسە ئۆرلۈپ چۈشكىدەك ئارانلا قالغان ئىدى ،ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇق ،ئەپسۇس بۇ ئۆيدە ئادەم يوق بولۇپ ،ئۆيىنىڭ ئىشك ياغاچلىرى ئاللا بۇرۇن چىرىپ كەتكەن ئىدى ،بۇنىڭدىن بۇئۆيدە ئادەم تۇرمىغىنىڭ ئۇزاق يىلى بولغانلىقنى بىلۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى ،كەم دىگەندىمۇ ئادەم تۇرۇپ باقمىغىلى 15يىلدەك ۋاقىت بولسا كېرەك، بەلكىم 15 ـ يىل ئاۋال مەت ئابدۇ جاپپات بۇجايغا كەلگەندە بەلكىم مۇردىلار مۇشۇ جايغىچە قوغلاپ كىلىپ بۇ ئۆيىدىكى كىشىلەنى پاراكەندە قىلغان بولسا كۆچۈپ كەتكەندۇ ،

ـ قاراڭلار ئاۋۇ تەرەپتىن قويۇق ئىس تۈتەك كۆتۈرۈلۋاتىدۇ ،داتۇنىڭ گىپىدىن ھەممەيلەن داتۇكۆرسەتكەن تەرەپكە قاردۇق ،ئۇتەرەپتىن قويۇق ئىس تۈتەك كۆتۈرۈلۋاتقان بولۇپ قۇياشنىڭ كەچكى شەپەق نۇرنى توسۋالغان ئىدى،

ـ تىز مىڭلا شۇتەرەپتە بىرە مەھەللە باردەك قىلىدۇ، نۇرىبىيە ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى،بىزمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ دىگىدەك يىگىرمە مىنۇت ماڭغاندىن كىيىن بىر مەھەللىگە كەلدۇق ،مەھەللىگە كىلىپ بولغىچە يەتتە سەككىز ئۆيگە ئۇچۇردۇق لىكىن ھىچقايسىدا ئادەم يوق ئىدى ،مەھەللىگە كىرىپ يول بويىدىكى بىر ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىنى

قاقتىم ،ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ،ئەتتىگەن بىزگە خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بالا ئىشىكنى ئاچتى ،

ـ ۋاي ئەمدى كەلگىنىڭلا نىمىسى؟ دادام سىلەرنى ساقلىغىلى خىلى بولدى كىرىڭلا ،بىزمۇ باشقا گەپ سۆز قىلماي بوُشاكىچىكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشىپ ئۆيگە كىردۇق ،قىرىق ياشلا چامىسىدىكى ،بىركۆزى يوق ،خىلى گەستىلىك بويى بىر مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر ئەتراپىدا كەلگەن مويسىپىت كىشى داستارخان راسلاپ تەييار بولۇپ تۇرغان ئىدى، يەكچەشمىنىڭ يېنىدا ئوتتۇز ئالتە ياشلار چامىسىدىكى خىلى تولغان چوكان قاراپ تۇراتتى ،

ـ قىنى كىلىڭلار ئۇكۇلۇرۇم ئاۋال تائام ئاندىن كالام دەپتىكەن ،قورسىقىڭلانى توقلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن پاراڭلىشايلى ،كىلىڭلار قولۇڭلارنى چايقىۋىلىڭلار ،بىزگە گەپ قىلىشقا پۇرسەت بەرمەي ،داستارخانغا باشلىدى، بىزنىڭمۇ قۇرسىقىمىز ئاچ بولغاچقا ،يەنە كىلىپ ئالدىمىزدا توشقان گۆشى بىسلىغان پولۇ بولغاچقا مەززەقىلىپ يەپ كەتتۇق، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ،بىزنى ياندىكى ئۆيگە باشلىدى،

ـ رەخمەت ئاكا  بايىتىن بىرى گەپ قىلىشقا پۇرسەي بەرمىدىڭىز ،سوراپ باقسام بىزنىڭ كىلىشىمىزنى قانداق بىلدىڭىز يەنە كىلىپ سىز ئەۋەتكەن كىتاب قانداق ئىش ،سورىماقچى بولغان سوئالىمنى بىراقلا سورۋالدىم ،

ـ ماقۇل سلەرنىڭ ئۇجايدىكى ئەھۋاللانى بىلگىڭلار بولسا سۆلەپ بىرەي ،مۇخۇركىسقا ئۆت تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ بىرنى شورۋالغاندىن كيىن ،سۆزلەشكە باشلىدى ،

يەكچەشمە :

ـ كىتابدىكى مەن شامنى ئىرتىپ يازغان خەتنى بايقىغان بولساڭلار ،بەلكىم چۈشكىچە مىنى ئىزدەپ كىلەتتىڭلا ،لىكىن كەچ بولغاندا كەلگىنىڭلارغا قارغاندا خەتنى كۆرۈپلا قالماستىن بەلكى كىتابقا يوشۇرۇلغان خەرىتە ،يەنە كىتابنىڭ ئارقىستىكى چاغاتاي يىزىقى بىلەن يىزىلغان ۋەسيەتنى كۆرۈپسلەر ئۇجايغا كىرىپ خەتەرگە ئۇچراپ قايتىپ چىقىپ مىنى ئىزدەپ كەلدىڭلا ھە قاچان ، گىپىنى دەپ بولۇپ مۇخۇركىستىن كۈچەپ يەنە بىرنى شورۋالغاندىن كيىن ،گىپىنى داۋام ئەتتى ،ھىچقايسىمىز يەكچەشمىنىڭ سۆزىگە قوشۇق سالماي پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدۇق،

ـ مەن سلەرگە خىتمىدە دىگەن ئىشلامۇ يالغان ئەمەس ،ئەسلى 15ـ يىلنىڭ ئالدىدا مەن توشقان ئوۋلاش ئۈچۈن توشقاننى قوغلاپ ئاشۇ جايغا باردىم توشقانمۇ قىرىشقاندەك ئاشۇ خارابىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ،مەنمۇ ئارقىدىن چۈشتىم چۈشكەن جايىم كۈتۈپخانا بولسا كىرەك ،كىتاب دىگەن جازىلارغا تىزلىپ كەتكەن ئىدى كۈتۈپ خانىنىڭ ئىچكىرسىگە كىردىم ئىچكىرسىدە بىر جەسەت بولۇپ قولدا كىتاب بارئىدى ،يەنى مەن سلەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن كىتاب شۇ

# هالاكەت ئارخىپى

،ئۇجەسەتنىڭ بۇكتابنى تۇتۇپ يىتىشغا قارغاندا قىممەتلىك بولسا
كېرەك دەپ كىتابنى ئىلىۋالدىم يەنە بىرقانچە دانە ساپال لوڭقا
،سىياھدان دىگەندەك نەرسىلەرنى ئىلىپ قايتىپ چىقتىم،
بۇنەرسىلەرمۇ خىلى پۇلغا ياراپتۇ ،شۇ چاغنىڭ شارائىتتا 80نەچچە
مىڭ يۈەنگە ياردى كىتابى ئۆزۈم ئىلىپ قالدىم ،كىيىن بىزنىڭ
مەھەللىدە مۇشۇنداق كەسپتە خىلى نامى چىققان مەت توختى دىگەن
كىشىگە كىتابنى كۆرسەتتىم ،ئۇكىشى كىتابنىڭ ئارقا ئۇچ بىتتىكى
خەتنىڭ مەزمۇنى ماڭا دەپ بەردى ھەم كىتابنىڭ مۇقاۋىسقا
يوشۇرۇنغان خەرىتىنى ئىلىپ خەرىتىنىڭ مەن كىرگەن جاينىڭ
خەرىتىسى ئىكەنلىكى خالىسام مەنبىلەن كىتابتا دىيىلگەن ئەرۋاھ
خەنجىرنى تىپىپ پىرخۇن مۇردىنى يوقتۇپ خەزىنىنى تىپىپ ئازتولا
باي بولۇش توغۇرسىدىكى پىلانىنى ئۆتتۇرغا قويدى ،مەنمۇ ئىلىپ
چىققان سىياھدان ،ئىككى دانە ساپال لوڭقا خىلى پۇلغا ياراپتۇ
،خەزىنىنى تاپالمىساقمۇ كۇتۇپخانىدىكى گۇل لوڭقىلىرنى ئىلىپ
چىقساقمۇ خىلى پۇللۇق بۇپ قالغىدەكمىزدەپ ئويلاپ بىرىشقا
قوشۇلدۇم ،مىڭىش ئالدىدا خەرىتىنى سىزىۋىلىپ خەرىتىنى ئالغان
جايغا چانمىغىدەك يوشۇرۇپ قويۇپ كىتابنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى،
ئۇ جايدا ئازتولا خەتەرگە ئۇچۇرشىمىز مۇمكىن ،ئۇجايدىن ئەپ
چىققان نەرسىنى ئەكىرمەيلى ،ئازتۇلا بۇلسىمۇ خەتەردىن
ساقلىنالىشىمىز مۇمكىن دەپ، كىتابنى ياخشى ساقلىشىمنى باشقىلارغا

كىتاب تونۇغۇرسىدا ھېچ قانداق گەپ ئىتماسلىقىمنى تاپىلاپ قويۇپ ئەتە مىنى ئىزدەيدىغىنى دەپ كىتىپ قالدى ،ئەتىسى مەنمۇ پۇختا تەييارلىق قىلىپ مەت توختى دىگەن ئۇ كىشىنى ساقلاپ تۇردۇم، مەت توختىمۇ يەنە تۆت ئادەم ئىلىپ كەلگەن بولۇپ بىزنىڭ ئۆيدە بىرۋاخ تاماق ياۋالغاندىن كىيىن يولغا چىقتۇق....

بىرۋاخ تاماق يەۋالغاندىن كىيىن يولغا چىقتۇق، مەن توشقان قوغلاپ يۈرۈپ كىرگەن جاي ئاللا بۇرۇن قومغا كۆملەپ كەتكەن ئىدى ،بىز خەرىتىنىڭ باشتا كۆرستىلگەن ئىستىرىلكا بەلگىسى بۇيىچە بىر ئۆينىڭ كۆرنۈپ قالغان ئىشكىدىن كىردۇق ،ئۆينىڭ يەنە بىر ئىشكى تەرپىدە پىشايۋان ئوخشاش ئۈستى يىپىلغا كەڭلىكى ئالتە مىتىر ،ئىگىزلىكى ئىككى مىتىر كەلگىدەك بولغاچقا ،تام تۈۋىدە ئادەم ماڭغىدەك كىچىكىنە يول قالغان ئىدى ،بۇيولنىڭ پىرخون قۇرغان تۇزاق ئىكەنلىكىدىن ئەسلا خەۋەرسىز ئىدۇق،

مەن:

نىمە؟ سىزنىڭ دىمەكچى بولغىنىڭىز بۇ پىرخۇن مۇردىنىڭ ئەرۋاھ خەنجىرنى كۆزلەپ كىرگەنلەرگە قۇرغان تۇزىقى دىمەكچىمۇ ،سوردۇم ھەيران بولۇپ ،

يەكچەشمە:

شۇنداق بۇ پىرخون مۇردىنىڭ ئەرۋاھ خەنجىرنى ئىلىش ئۈچۈن كىرگەنلەرگە قۇرغان تۇزاق ئىكەن ،بىزدەسلەپتە قۇم ئاسماندىن ياققان

بولغاچقا، مۇشۇنداق ئۈچ بۆلۈك شەكىلدە، رومبا شەكىلدە يول قالدى دەپ ئويلاپ قاپتىمىز، لېكىن قۇم بوران چىقىپ تۇردىغان يەردە قانداقمۇ يول قالىدۇ، دىگەننى ئەسلا ئويلاپ باقماپتىمىز، كىرگەندىن كېيىن ئۇدۇل قۇبۇلخانىدىن ئۆتۈپ، كۇتۇپخانىغا كىردۇق، بۇكۇتۇپخانا نەدىمۇ مەن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كەلگەنگە ئوخشىسۇن، كىتابلار ھەممە يەرگە يىسىلىپ كەتكەن، ھەم مەن ئالدىن قېتىم كەلگەندە كىتابنىڭ جازىغا تىزىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بۇقېتىم كىتابلارنىڭ يەرگە يىلىپ كىتىشىنىڭ بىردىن بىر سەۋەبى بۇيەردە كۈچلۈك بوران چىققان ئىدى، لېكىن كۇتۇپخانا ئىچىدە بىر دانە قۇمنىمۇ كۆرمىدۇق، خۇددى بىزنى مەخپىي يولغا كىرىپ ئەرۋاھ خەنجىرنى ئالسۇن دىگەندەك، ئىشنىڭ سەل چاتاق ئىكەنلىكىنى پەملەپ يىپ ئۈچى چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ پۈتۈن كۇتۇپخانىنى ئاختۇرۇپ كىچىك ساندۇقنىڭ ئىچىدىن تارىخنامە دىگەن پارىسچە يېزىلغان كىتابنى بايقىدۇق، بۇكىتابدا ئەينى ۋاقىتتا ئۆتتۇرا ئىخلىمدىن ئايال جادىگەر ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ مۇردىلارنى كونترول قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ۋۇجۇم قىلىپ ھەربىر جان جانۋارنى ھەتتا ئىت، مۇشۇكنىمۇ، قوي، كالا چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى سۆزلەنگەن، بۇۋاقىتتا پىرخون 300يۈزى ئېچىلمىغان قىزنى تىرىك ئۆتقا تاشلاپ ئۇلارنىڭ روھى ھەم جىسمىنى بىلەن ئۆزىنىڭ قارىسېھرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەرۋاھ خەنجىرنى ياساپ

# هالاكەت ئارخىپى

چىقىپ تىرىك جەسەت بىلەن مۇردىلارغا قارشى تۇرغان دەل شۇ چاغدا زۇلمەت شاھزادىسى زۇلمەت خەنجىرى بىلەن بۇۋەھمىلەرنى ئاخىرلاشتۇرغان ،كىيىن شاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ئەرۋاھ خەنجىردىكى سېھىرنى بىكار قىلىۋەتكەن ،زۇلمەت شاھزادىسكە رەخمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىزى مەلىكە مەھبۇدە شاھزادىگە ياتلىق قىلغان ،ئىشلىرى بايان قىلىنغان ئىدى،كىتابىنىڭ ئاخىرقى بەتلىردە مەلىكىنىڭ كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇققان شۇچاغدا زۇلمەت دۇنياسىنىڭ ئەلچىسى قوش ئەجدارھا باشلىق يىلان مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەن بولۇپ مەكتۇپنى شاھ قا بىرىپ ،شاھزادىگە شاھ ئاتىسىنىڭ ئاغزىھاكى پەرماننى يەتكۈزۈپ كىتىپ قاپتۇ ،زۇلمەت شاھزادىسى كىتىش ئالدىدا زۇلمەت خەنجىرنى سىرلىق ئۆيگە سېھىر بىلەن بەنت قىلىپ ئىككى خەنجەرگە بىر تامچىدىن ئىككى تامچە قىنى ئىقتىپ ئەۋلاتلىرغا قالدۇرغان ،زۇلمەت شاھزادىسى كەتكەندىن كىيىن ،شاھ مەكتۇپنى ئېچىپ كۆرگەن مەكتۇپتا ،زۇلمەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق قايدىسى بار ،زۇلمەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم ئىنسانلار بىلەن توي قىلىشى چەكلەنگەن كىمكى قايدىگە ئەمەل قىلمايدىكەن ،ئۆلۈمگە مەككۇم بولىدۇ ،شاھزادىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى دۇنيادىكى ئىنسانلار لا ئەمەس، ھەتتا ئىككى دۇنيادىكى ئىت ـ مۇشۇكلەرنىڭ جۇپلىشمۇ مەنئى قىلىنغان ،شاھزادىمۇ ئۆلۈمگە مەككۇم قىلىندى ،شاھ ئالىلىرنىڭ مەلىكىنى ھەم مەلىكىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ

ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشلىرنى سورايمەن ،ئەگەر ئۆزلىرى بىتەرەپ قىلمىسلا ئۇنداقتا بىزدىن رەنجىمىسلەر دەپ يېزىلغان ،شاھمۇ كاللا قاتۇرۇپ مەلىكىنى ياقا يۇرتلارغا قاچۇرۋېتىپ مەلىكىنىڭ ئورنىدا بىركىنىزەكنە يەنە بىر بوۋاق بالىنى ئۆلتۇرۇپ ئىشنى تىنجىتقانلىقى ،يېزىلغان بۇگەپلەرنى ئاڭلاپ بوۋامنىڭ كىچىكىمدە ئېيتىپ بىردىغان زۇلمەت شاھزادىسى توغۇرلۇق ھىكايىلىرى ئېسىمگە كەلدى ،

بۇۋاماڭا ھىكايە ئېيتىپ بېرىڭ دەپ بوۋامنىڭ كەينىگە كىرۋالدىم بوۋاممۇ ماڭا ئامال قىلالماي ئاخىرى ماڭا زۇلمەت شاھزادىسىنىڭ ھىكايىسىنى ئېيتىپ بەردى،

بىزمۇ سۇكۇتتە تۇرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدۇق، ئۇچ ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆلمى سەل كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغاچقۇ ئىشقىلىپ مىنىڭمۇ ئارتۇقچە سوئال سورغۇم كەلمىدى ،يەكچەشمىنىڭ ھىكايىسى داۋام قىلماقتا ،

نامەلۇم دۇنيا بولۇپ ،بۇدۇنيادا ھەرقانداق مەخلۇق گەپ قىلايتتى ،ئۇنىڭدىن باشقا قانخور ئالۋاستىلامۇ بەنت قىلىنغان بولغاچقا بۇدۇنيا تەبىيلا زۇلمەت دۇنياسى دەپ ئاتالغان ھەريۈزيىلدا زۇلمەت دۇنياسىنىڭ شاھزادىسى ئىنسانلار دۇنياسىغا كىلىپ جىن ئالۋاستىلانى يوقىتىپ يوقىتالمىغانلىرنى زۇلمەت دۇنياسىغا بەنت قىلىپ دىگەندەك ئىنسانلار دۇنياسىنى تىنىشلاندۇرۇپ كەلگەن ،بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئاۋال بۇجايدىكى شەھەرگە بىر جادىگەر

جەسەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ قانخور مۇردىلارنى سېھىر بىلەن كونترول قىلىپ شەھەرگە ۋۇجۇم قىلىپ كەلگەن شۇ ۋاقىتتا زۇلمەت شاھزادىسى ئىنسانلار دۇنياسىغا كىلىپ بۇۋەھىملەرنى تىنجىتقان شاھمۇ زۇلمەت دۇنياسىنىڭ شاھزادىسكە رەخمەت ئىتىپ قىزنى ياتلىق قىلغان شاھزادىمۇ مەلىكىنى كۆرۈپ كۆرۈپ مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ مەلىكىنى ئەمرىگە ئىلىپ بىر ئۆغۇللۇق بولغان ،زۇلمەت دۇنياسىنىڭ قانۇنى بويىچە بولغاندا ئىنسانلار دۇنياسىدىكى كىشلەر بىلەن زۇلمەت دۇنياسىدىكى كىشلەر توي قىلىشى چەكلەنگەن خىلاپلىق قىلغانلار ئۆلۈمگە مەككۇم قىلىنىدىكەن ،ئىككى دۇنيادىكى كىشلىرلا ئەمەس ،ئىككى دۇنيادىكى ھايۋانلانىڭمۇ جۇپلىنىشى مەنئى قىلىنغان ،شاھزادە بۇ قايدىگە خىلاپلىق قىلغاچقا زۇلمەت دۇنيا شاھى شاھزادىنى ئۆلۈمگە بۇيرىغان ،ھەمدە مەلىكە مەھبۇدە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى شاھنىڭ بىرتەرەپ قىلىشى توغۇرلۇق مەكتۇپ ئىۋەتكەن ،شاھنىڭ مۇشۇ يالغۇز قىزى بولغاچقا باشقا باللىرى بولمىغاچقا، قىزىنى باشقا يۇتقا قاچۇرۋەتكەن ،قىزنىڭ ئورنىدا بىر كىنىزەكنى ئۆلتۈرۈپ ئىشنى تۇگەتكەن ،شاھ ئاپەتنى يىلتىزدىن يوقاتمىغاچقا تەگرىنىڭ غەزىپى كىلىپ پۈتۈن شەھەرنى قۇم ياغدۇرۇپ قۇمنىڭ ئاستىغا بەنىت قىلۋەتكەن ،بوۋامنىڭ بۇ ھىكايىسىنى ئىسمگە ئالدىم ،بوۋامنىڭ ئىتقىنىدەك بولغاندا بۇ يەردە پىرخۇن مۇردىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ،مەن تىپىۋالغان كىتابتا بۇجايدا بىر پىرخۇن

مۇردا بارلىقى ئېنىقلانغان ئىدى ،كاللام قالايمىقانلىشىپ كەتتى ،بوۋامنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى پەقەت ھېكايە دېسەڭ كىتابتا خاتىرلەنگىنى ھەقىقەت بولىدۇ ئەلۋەتتە، مەن كىتابتىكى يېزىقنى چۈشەنمىگەچكە يەنىلا مەت تۇختىغا تاپانماي باشقا ئىلاج يوقتى، ئۇمۇ مېنىڭ خىيالىمنى بىلگەندەك كىتابنى ۋاراقلاپ دېگەندەك پىرخوننىڭ ئۆلىمگە ئائىت مەزمۇننى تېپىپ ئۆقۇشقا باشلىدى........

پىرخۇن ئۆلىمگە ئائىت مەزمۇننى تېپىپ ئوقۇشقا باشلىدى ، زۇلمەت شاھزادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئوتتىرا ئىخلىمدىكى جادىگەر بىر ئوردا ياستىشقا باشلىدى، بۇ ئۇلارنىڭ رەسمى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ،شىمالىنى ئىگىللەش ئويىدا بولۇۋاتقىننى بىلدۈرەتتى ،شاھ ئائىلىرى زۇلمەت شازادىسىنىڭ ئەرۋاھ خەنجىرنى ئىلىپ جادىگەرنى يوقاتماقچى بولدى، بىراق ئەرۋاھ خەنجىرنى زۇلمەت شاھزادىسىتىن باشقا ئادەمنىڭ ئالالمايدىغىنى ئويلاپ باقماپتىمىز ،ئەرۋاھ خەنجىرنىڭ ئېغىرلىقى نەچچە يۈز جاڭ ئېغىرلىقتىكى نەرسە بىلەن تەڭ ئىدى ،ئەپسۇس بەش ئالتە ئادەم بىر بوپمۇ بىرخەنجەرنى ئاران كۆتەردى ،ئەرۋاھ خەنجىرنى بىر ئادەمنىڭ كۆترۈپ جادىگەرنى يوقىتىشى مومكىن ئەمەس ئىدى ،پىرئۇستاز ئەڭ كۈچلىك بولغان ئەرۋاھ خەنجىردىن بىرنى ياسىماقچى بولدى ،بۇنىڭغا كىتىدىغان بەدەل 300يۈزى ئېچىلمىغان قىز بولماستىن بەلكى، 3000مىڭ قىرقىغا

توشمغان بوۋاق ئىدى، شاھ ئالىلىرى  بۇنى ئاڭلاپ بۇئىشنى توستى ،لىكىن پىر ئۇستاز ئوغۇرلىقچە نەچچە يۈز بوۋاقنى تۇتۇپ ئەكەللىپ بولغان ئىدى، شاھ ئالىلىرى غەزەپلىنىپ پىر ئۇستازنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى، دارغا ئىسىپ جەسىدىنى پۈتۈن دەپنە قىلدى،

پىرخونىنىڭ ئۆلىمگە ئائىت مۇشۇنچىلىك يېزىلغان ئىدى، مەتتوختى كىتابنى ۋاراقلاپ يۈرۈپ ئاخىرقى بەتنىنى ئىچىپ ئوقۇدى ، بۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق يېزىلغان ئىدى،

مانا ئاسماندىن قۇم يىغۋاتقىلى بۇگۈن يەتتە كۈن  بولدى، كىچىككىنە خاتالىقىم پۈتۈن ئاۋامنىڭ بىشىغا چىقتى ،ۋەزىرلەرنىڭ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ پىرئۇستازنىڭ جەسىدىنى پارچىلىۋەتكەن بولسام بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتمۇ يۈزبەرمەس بولغىيتى ،ئەپسۇس ئەمدە پۇشايمان قىلغان بىلەن مەڭگۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ ،تولىمۇ ئەپسۇس ئاخىرقى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن دىگەن ھىكمەتنى كىممۇ ئىتقان بولغىتى ،پىرئۇستازنىڭ بۇنداق ۋەھشىي بولۇپ مۇردىغا ئايلىنىپ كىتىشتە  مىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسۇلىتىم بار ،ئەي تەڭرىم  شۇنچىۋالا ئادەمنى مەن بىلەن ھەمدەپنە قىلغىچە يالغۇز مىنى دوۋزاققا مەككۇم قىلساڭمۇ مەيلى ئىدۇغۇ ،تولىمۇ ئەپسۇس تەڭرىگە ئىلتىجا قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ ، قارغاندا بۇ ئوردا مىنىڭ قەبرىگاھىم بوپ قالدىغان ئوخشايدۇ، ھايات قالغان ئەۋلاتلىرىمنىڭ مەندەك رەزىل، شەخسىيەتچى شاھنى كەچۈرۋەتىشنى ئۈمۈت قىلمەن،

**شەمسىيە 999 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ...**

**دەپ يېزىلغان ئىدى، قارغاندا بۇئاخىرقى بەتنى شاھ ئۆزى يازغان ئىدى ،ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولدى مەخپى يولنى ئىزدەيلى ،دىدى مەت توختى ھەمدە كىتابنى يەرگىلا تاشلىۋەتتى ،مەن نىملە بولمىسۇن بۇئەجدادلىرمىزنىڭ تارىخى ئىكەن ،كىينچەككە بۇجاينى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە كىلىپ قالسا بۇ جاينىڭ تارىخنى تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولا دەپ ئويلاپ كىتابنىساندۇققا سىلىپ قويماقچى بولۇپ ساندۇققا قارسام ئىككى پارچە بامبۇك ياغىچى تۇردۇ ئىلىپ قارسام شۇنداق چىرايلىق ئويما باركەن ،شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئازتولا پۇلغا ياراپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ يانچۇقىمغا سىلىپ كىتابنى ساندۇققا سىلىپ قويۇپ مەخپى يولنى ئىزدىدىم ،خەرىتىدە كۆرستىلگىنى بويىچە كۆتۈپخانىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلنى ئىزدەشكە باشلىدۇق ،كىتاب جازىسىنىڭ كەيندىن بىر يەر ئاستىغا چۈشىدىغان پەلەمپەينى بايقىدۇق ،پەلەمپەينى بويلاپ يەر ئاستىغا ئالتە يەتتە مېتىر چۈشكۈرلىقتىكى يەرئاستى يولغا چۈشتۇق ،بۇ يول خۇددى ھازىرقى تاغ ئوتتۇرسىدىن قىزىلغان تونىلغىلا ئوخشاش قىزىلغان يول ئىدى، تونىلنى بويلاپ ماڭدۇق، بىرھازا ماڭغاندىن كىين يەنە ئۈچ ئاچال تونىل ئۇچۇردى ،بىرسى چىك ئۆتتۇرسىدا يەنە ئىكسى ئۆتتۇردىكى تونىلغا °45گىرادىس قىيسايغان ھالدا قىزىلغان تونىل ئىدى، خەرىتىدە كۆرستىلگىنى بويىچە سول تەرەپتىكى تونىلغا**

كىرىپ ماڭدۇق، ئىچكىرىسىگە ئىلىۋالغا قولچىراغنى يورۇتتۇق ،(بىزدە پەقەت مۇشۇ بىتاللا قول چىراق بولغاچقا جىددى ئەھۋال كۆرەلمىسە كىرسىن چىراق ياقاتۇق ،ئۇۋاقىتتا قولچىراق ئاندا ساندا ئۇچرايتى )قول چىراقنى يولنىڭ ئۇ تەرپىگە تۇتتى،بىر قارساينىڭ ئىچىگە تەرەپكە كىرىپ كەتكىنىنى كۆردۇم ،باشقىلارغا ئۇتەرەپتە بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ بارلىقىنى ئىتتىم،لىكىن ئۇلار ھىچ نىمە كۆرمىدۇق ،ئازراق قورقۇپ كەتكەن ئوخشايسەن ،دەپ مىنى مەسخىرە قىلىپ داۋاملىق ماڭدى ،ھەمدە قولچىراقنى ئۆچۈرۈۋىتىپ كىرسىن چىراقنى يورتۇپ ماڭدۇق ،بايام مەن كۆرگەن قار سايە ئەمدىلىكتە ئالدىمدا كىرسىن چىراقنىڭ يورۇقى يەتكىدەك يەردە كىتىپ باراتتى ،تىز مىڭىپمۇ ئۇنىڭغا يىتىشەل مەي قالدۇق ،بۇ قارسايە بىز توختىساق توختايدۇ،ماڭساق ماڭدۇ ،لىكىن مەندىن باشقا ئادەم بۇ قارسايىنى كۆرمىگەن ئىدى،مەن قورقۇنۇچ ئىچىدە ئۇلارغا ئەگەشمەكتە ئىدىم، توساتتىن پۇتۇمنى بىر قول تۇتىۋالدى ،پۇتۇمنى مىدىرلىيالماي يىقىلىپ چۈشتۈم ،پۇتۇمنى تۇتىۋالغان قولغا قاراپ چىدىماي تولىۋەتتىم ئاااااا، كۆرگىنىم چىرىپ كەتكەن جەسەتنىڭ قولى بولدى، باشقىلارمۇ يۈگرەپ كىلىپ مىنىڭ پۇتۇمنى توتىۋالغان قولنى قىلىچ كىسىۋەتتى ،مەتتوختى مىنى سەپتىن چۈشۈپ قالما بۇنداق جايدا ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈزبىرىش ئىھتىماللىقى بار،دەپ سەپنىڭ ئۆتتۈرىسىغا ئەكىرىپ قويدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىلى

خاتىرجەم ماڭدىم ،لېكىن بۇ خاتىرجەملىك ئۇزاققا بارمىدى ،ئازراق مېڭىپلا مەتتوختى قولچىراقنى تونىلنىڭ ئىچكىرسىگە ياقتى ،تونىلنىڭ ئىچكىرسىدە بەش ئالتە ئادەم بىزقاراپ تۇراتتى ،بىز بارا بارا ئۇلارغا يېقىنلاشتۇق ،ئۇلارغا يېقىنلىغانغا قەدەر ،مەتتوختى قولچىراقنى ئۇلاردىن ئۈزمەي ياقتى ،ئۇلار بىلەن بولغان ئارلىقىمىز مانا بەش مېتىر كەلگەدەك يېقىن كەپ بولدۇق ،توختاپ ئۇلارغا قاراپ تۇردۇق ئۇلار تونىلنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرغان بولۇپ بىز گە كەينىنى قىلىپ تۇراتتى ،بىزمۇ بىردەم تۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ تۇردۇق ،ئۇلار ئاستا ئاستا بىز تەرەپكە قاردى ،ئۇلارنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ ئاااااتوۋلغىنىمچە يەرگە يىقىلدىم ......

ئۇلارنى كۆرۈپ يىقلىپ چۈشتۇم،شۇنداق بەتبەشرە چىراينىڭ يىرمى چىرىپ كەتكەن ،يەنە يىرمى تىرسى سۆڭكىگە چاپلىشىپ قالغان ،يەنە بىرسىنىڭ كۆزلىرنىڭ ئورنى كامار بۇرنىنىڭ ئورنىمۇ كامار ،چىشلىرنى سانغىلى بولغىدەك ئىسكىلىتنىڭ ئۆزى ئىدى، يەنە بىر نىڭ بىركۆزى كامار يەنە بىر كۆزدىن قان يىرىڭلار ئىقىۋاتقان ،قۇرۇتلار مىژژاڭشىپ تۇراتتى ،بۇلارنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ جايىمدا يىقلىپ چۈشتىم ،ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمىدىم، مەتتوختىنىڭ مىنى چاقىرشىدىن ھۇشۇمغا كەلدىم، كۆزۈمنى ئىچىپ ئەتراپىقا قاردىم ،بايام كۆرگەن بەتبەشرىلەر بىشى تىنىدىن جۇدا بولغان ھالەتتە يەردە ياتاتتى ،

ـ قارا قوقۇپ كەتكىنىڭنى مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ ھۇشۇڭدىن كىتىپ

،ئىشتىنىڭنى نەمدەپ بۇپ سەن توخا يۈرەك ...مەتتوختى شۇنداق دەپ كۆلۈپ قۇيدى ،ئۆزۈممۇ چوپچوڭ ئەركىشى تۇرۇپ كىچىكىنە ئىش ئۈچۈن ئىشتىنىمنى نەمدىگىمدىن خىجىل بولۇپ كەتتىم، ئۇلارنىڭ ئارقىستىن ئەگەشتىم ،داۋاملىق ماڭدۇق ،لېكىن بۇ تونىلنىڭ ئاخىرىغا يېتىندىغاندەك ئەمەس، بىرسائەت مېڭىپمۇ تونىلنىڭ يەنە بىر بېشىغا يېتىپ بېرىپ بولالمىدۇق ،مەتتوختى قولچىراقنى تونىلنىڭ ئۇتەرپىگە تۇتتى، يەنىلا تونىلنىڭ خەرىتىدىكى كۆرسىتىلگەن ئېگىلىش نوقتىسى كۆرۈنمەيتتى ،

مەتتوختى :ـ بىردەم ئارام ئېلىپ ئاندىن ،ماڭايلى ھەممىڭلا ئىزىڭلادا يېرىم سائەت ئارام ئېلىۋېلىڭلار.......دېدى ،ئىككى ئۈچ ،سائەت يول مېڭىپ ھېرىپ قالغاچقىمۇ ئىزىمدا سومكىغا يۆلەنگىنىمچە ئۇخلاپ قاپتىمەن ،قاچانلادۇ ئويغانغىنىم ئېسىمدە يوق ،ئورنۇمدىن تۇرسام ھەممىسى دېگۈدەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ، بىز كەلگەن تەرەپتىن بىر قار سايە كەلدى، قولۇمدىكى كىرىسىن چىراقنىڭ يورۇقى ئاران تۆت بەش مېتىر يەرنى ئاران يورۇتالايتتى ،ئۇخلاپ قالغانلاغا بىرمۇ ـ بىر قاراپ چىقتىم ،ھەممەيلەن تولۇق ئۇنداقتا بۇ قارسايە ئادەممۇ ياكى بىز بايام ئۇچۇرغان تىرىلىپ قالغان جەسەتمۇ دىگەن خىيال كاللامدا ئەكس ئەتتى، مەتتوختى ئويغاتسام ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ، باشقىلارنى ئويغاتسام ئۇلارمۇ شۇ ھېچقايسى ئويغىناي دىمەيتتى ،ئۇقارسايە بارغانسىرى يېقىنلىشىپ كەلدى، شۇنچە قاراپمۇ ئۇنىڭ

چىرايىنى كۆرەلمىدىم چاچلىرى چۇۋۇلغان يۈزىنى توسۇۋالغان بولغاچقا چىرايىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى، كىيىملىرىدىن ئۇنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، يەردە مىڭىپ ئەمەس بەلكى يەردىن يىرىم مىتىرچە ئېگىزلىكتە لەيلەپ كەلگىنىچە ماڭا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ ماڭا يېقىنلىشىدىن پۈتۈمنى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك مىدىر سىدىر قىلالماي قالدىم ،ئەتراپىمدا ئايلىنىشقا باشلىدى، ئارقا تەرىپىمدىن قۇۇلاق تۈۋىمگە يېقىن كىلىپ سىلەر خەتەر ئىچىدە بۇيەردىن تېز ئايرىلىڭ ،بۇلانىڭ ھەممىسى قىلتاق داۋاملىق ئالدىڭلارغا ماڭساڭلار ئۆزۈڭلانى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بىرىسلەر ،بۇئايالنىڭ گىپىنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ،تەرلەپ كىتىپتىمەن باشقىلار بولسا ھەممىسى ئۇخلاپ قاپتۇ، مەن مەتتوختى ئۇيغىتىپ باياتتىن كۆرگەن چۈشۈمنى ئېتتىم،مەتتوختى بولسا،

ـ بولدى كۆپ ئويلاپ كىتىپسەن ،مەن ئىلگىرى بىر قەۋرىگە كىرگەن قەۋرىدە ھەمدەپنە بويۇملىرى بەك كۆپ ئىدى، شۇ ۋاقىتتا ،بىر ئەرۋاھ ماڭا ئالدىڭىزغا ماڭسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بىرىسىز دىگەن ،مەنمۇ دەسلەپتە ئازراق قورۇققان راستىلا ئۆلۈپ كىتەر مەنمۇ دەپ ،كەينىمگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كىتىشنى ئويلىغان ،يەنىلا كىرگەنكەنمەن بىرە نەتىجە قازانماي چىقىپ كىتىشنى توغرا تاپمىدىم ،ئالدىمغا داۋاملىق ماڭدىم ، مۇنا ھازىر يەنىلا بىر ئومدان تۇرمامدىم ،بەزى ئادەملەر بىئەجەل ئۆلۈپ كەتسە ،ئۆلگەندىن كىيىن شۇ كىشلەرنىڭ

روھى ئۆزلىرى ئىشلەتكەن نەرسگە بەنت بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ ،ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ روھ ئەرۋاھلار ئۆزىنىڭ ئەركىن دۇنياسىدا ياشاپ كۆنۈپ قالىدۇ، بىز ئەرۋاھلارنىڭ بىرە نەرسىلىرنى ئىلۋالساق ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەركىن دۇنياسىدا ياشاشتىن مەھرۇم قالدۇ ،بۇلۇپمۇ مۇشۇنداق جايدا سەرسان روھلار كۆپ ئادەمنىڭ ئىدىيسگە ۋۇجۇم قىلدىغان روھلارمۇ ئاز ئەمەس ،كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى راس بولىشى ناتايىن، قانداق ئىش يۈز بىرىشتىن قەتئى نەزەر ئىنكاسىمىزنى تىز قىلىشىمىز كىرەك، بولدى ھىچ ئىش يوق ،كۆپ ئويلاپ كەتمە بىز بۇيەرگە نىمىش قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق، بايلىق ئۈچۈنمۇ ،ياق ئۇنداق ئەمەس ،بەلكى ئەرۋاھ خەنجىرى بىلەن پىرخوننى يوقتىپ بۇيەردە بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ،لىكىن بەزى ئەرۋاھلار مۇشۇ مۇھىتتا ياشاپ كۆنۈپ قالغان ئۇلارنىڭ مۇشۇ مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ،شۇڭا بىزنىڭ ئىدىمىزگە ۋۇجۇم قىلدۇ ،بىزئۇلارنىڭ ئىزىنقتۇرشىغا قارماي قىلماقچى بولغان ئىشمىزنى قىلايلى، ، ،مەتتوختىننىڭ گىپىنى ئاڭلاپلا كالام خىلى سەگەكلىشىپ قالدى، داۋاملىق ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق، يىرىم سائەت ماڭغاندىن كىيىن ئاخىرى تونىلنىڭ ئىگىلىش نوقتىسىغا كەلدۇق، قۇلاق تۇۋىمدە يەنە شۇ ئاۋاز سىلەر خەتەر ئىچىدە ،بۇدىگەن قىلتاق دىگەن ئاۋاز ئاڭلانماقتا ،يەنىلا مەن بۇ ئاۋازغا پەرۋا قىلماي مەتتوختىنغا ئەگىشىپ

هالاكەت ئارخىپى

ماڭماقتا ئىدىم ،تونىلدىن قايرىلىپ يەنە بىز كەلگەن تەرەپكى تونىلغا ئوخشاش ئۈچ تونىلغا ئۈچچۈردۇق ،بۇ ئۈچ تونىل باشتا بىز كۆرگەن تونىل بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بىرتونىل ئىككى تونىل 45°گىرادۇس قىسايغان ھالەتتە ئىدى، دەسلەپتە بىز كۆرگەنگە ئوخشاش ،خەرىتىدە كۆرستىلگىنى بويىچە ئوڭ تەرەپتىكى تونىلغا قاراپ ماڭدۇق، بىرسى ئارقىڭغا قارا دەپ ماڭا بۇيرۇق قىلغاندەكلا ئارقىمغا قاردىم ،ئارقىمغا قاراپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم ،ئاھ خۇدا دەپ تولىۋەتتىم ....

ئارقامغا قاراپ ،ئاھ خۇدا دەپ تولىۋەتتىم،مىنىڭ بۇ ئاۋازىمدىن ھەمسى ھەمسى مىنىڭ بۇ ئاۋازىمدىن كەينىگە قاردى ،ئۇلارمۇ كەينىگە قاراپ تۇغان جايدا تۇرۇپ قالدى ،

ـ ۋايۋۇي ئاكا ئۇنداق سىرلىقلاشتۇرماي تىزدەڭە ،زادى نىمنى كۆردىڭىز ،پىرخونىنمۇ ياكى مۇردىنمۇ ؟چوكانچاق يەكچەشمىنىڭ گىپىنى بولىۋەتتى ،

ـ قىنى سىلەر پەرەز قىلىپ بىقىڭلار ،مەن زادى نىمنى كۆرگەندىمەن ؟يەكچەشمە سوئال نەزىردە ھەممەيلەنگە بىرقۇر قاراپ چىقتى ،

ـ ئەرۋاھ ...

ـ مۇردا...

ـ پىرخوننى...

ـ ئىسكىلىت ...

ـ نەمەلۇم قارسايە...

ـ يىرتقۇچ مەخلۇق... ھەممەيلەن ھەرخىل پەرەز لەرنى قىلدۇق،

ـ ياق!ھىچقايسى ئەمەس،

ئۇنداقتا كىنولادەك خەنجەر موھاككىلىنى !كۆرمىگەنسىز ...چوكانچاقنىڭ بۇ گىپىدىن ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتۇق،

ـ ۋاي بولدى ئۆتەپ بارە خوبىتلار مەستانىسى ،خوبىتلار ئۇرشنى بەك كۆپ كۆرۈپ كىتىپسەن ،دىدى نۇر

-نۇر خوبتلار ئۇرشى فىلىمدە خەنجەر مۇھاككىلى دەيدىغان پىرسناژ بامۇ؟داتو نۇردىن سوردى ،

-ھەي خوبتلار مەستانىلىرى  خوبتلار ئۇرشىنىڭ داۋامىنى ئىشلەمدۇق ،ياكى قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلامدۇق ...زۇلپىيەنىڭ بۇگىپىدىن ھەممىسى جىم بولدى،

-ئاكا ئۇينىڭ ئىچى ئىسسىپ كەتتىغۇ ،دىدىم يەكچەشمگە قاراپ ...

-مۇشۇنداق مەزگىلدەقۇملىقنىڭ كۆندىزى سىرىت ئىسسىق ئۆي ئىچى سالقىنداپ قالىدۇ ،بىراق كىچىسى ئۆي ئىچى ئىسسىپ دىمىق بوپ كىتىدۇ، سىرىت سالقىندايدۇ ،يۈرۈگىلار سىرتتقا چىقىپ ئاندىن دەپ بىرەي، سىرتتقا {ھويلىغا} باشلاپ ماڭدى ،يەكچەشمە ھاسىغا تايىنۋالغان بولۇپ ماڭغاندا ئازراق ئاقساپ ماڭاتتى ،بايام كىرگەندە دىققەت قىلمىغان ئىكىنمەن ،ئەسلىدە ئۇنىڭ  تايىنۋالغان ھاسىسى ئاران بىر مىتىر ئون سانتا بولغاچقا  ئادەمنىڭ دىققىتىنى بەك تاتمايتتى ،بەلكىم شۇقىتىملىق ئىشتا مۇردىلارنىڭ يەكچەشمگە قىلغا سوغتى بولسا كىرەك .سىرتتقا چىقىپ بىزنى پىشايۋاننىڭ ئاستىغا باشلىدى، ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كيىن، سۆزنى داۋام قىلدى  ◦

ـ كەينىمگە بۇرۇلۇپ كۆرگىنىم بولسا نۇرغۇن تونىل بولدى، ھازىر بىزنىڭ كىرمەكچى بولغان تونىلدىن باشقا يەنە 11تونىل بولدى، بىز بايام چىققان تونىل ئۆڭكۈرگە بىرىپ 1 ـ نۇمۇرلۇق ئۆڭكۈر دىگەن خەتنى يىزىپ قويدۇم ،ھازىر بىز كىرمەكچى بولغان ئۆڭكۈرگە 2 ـ نۇمۇرلۇق ئۆڭكۈردەپ يىزىپ قويۇپ ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق، بۇ بىزنىڭ قايتىپ چىققاندىن كىيىن ئازغۇشۇپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن ئىدى، خەرىتىدە كۆرستىلگىنى بويىچە ئىككىنچى نۇمۇرلۇق ئۆڭكۈرگە كىردۇق ئۆڭكۈرگە نەچچە قەدەم ئىلىشىمغا قۇلاق تۈۋىمدە يەنە بوغۇق ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ،بۇ بىر ھالاكەت يولى ،ئۆزۈڭلاغا ئۆزۈڭلار قىلدىڭلار ،بۇ ئاۋاز قايتا قايتا ئاڭلانماقتا ئىدى، مەن يەنىلا پەرۋا قىلماي ماڭماقتا ئىدىم ،ئەمدىلىكتە ھىلىقى چۈشۈمدە كۆرگەن قارسايە ئەتراپىمدا ئايلىنىپ ماڭا گەپ قىلماقتا ئىدى، ئاخىرى بەرداشلىق بىرەلمەي توۋلىۋەتتىم ...

ـ ياق يوقال كۆزۈمدىن يوقال ...مىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىمدىن مەتتوختى دەرھال يىنىمغا كەلدى،

ـ ئابدىجاپپار ساڭا نىمە بولدى زادى نىمنى كۆردۈڭ ...

ـ ئۆزۈمۇ بىلمەيمەن ،بەلكىم خىيالى تۇيغۇ بۇلسا كىرەك ،چۈشۈمدە

كۆرگەن ئەرۋا ماڭا قاراپ بۇ ھالاكەت يولى ،ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار قىلدىڭلار دىگىنچە ئەتراپىمدا ئايلىنىشقا باشلىدى، كۆرگىنىمنىڭ راس ياكى خىيالى تويغۇ ئىكىنلىكىنى بىلمىدىم ،....ئۆيلىغانلىرىمنى مەتتوختىغا ئىتتىم...

ـ قارغاندا ئالدىنقىتىم سەن ئەرۋاھلارنىڭ نەرسىلىرنى ئىلۋالغىنىڭ ئۈچۈن سەندىن ئۆچ ئىلۋاتقان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەرۋاھ خەنجىرگە يىقىنلىشىپ قالدۇق، بەلكىم مۇشۇ سەۋەب بولسا كىرەك ،چۇڭقۇر نەپەس ئال خىيالىڭنى باشقا ئىشقا بولمە، دىدى...مەتتوختىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا باشلىدىم ،خىيالىمدىن بۇئەرۋاھ ئاستا ئاستا تۇتۇنگە ئايلىنىپ غايىپ بولدى، داۋاملىق ماڭدۇق ،يىرىم سائەتلەرچە ماڭغاندىن كىيىن ئۆڭكۈرنىڭ يەنە بىر بىشىغا يەتتۇق ،لىكىن ئويلىغىنىمىزدەك بولماي قالدى، ئالدىمىزدا يەنە 11ئۆڭكۈر ئالۋاستى ئاغزىنى ئاچقاندەك تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى ئىزىتقۇ ئوردىسقا كىرىپ قالغاندەك ھىس قىلىپ قالدىم، خەرىتىدە كۆرستىلگىنى ئۈچ تونىلنىڭ سولتەرەپتىكى تونىل ئارقىلىق كىرىپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بۇ تونىلنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى تونىلدىن ئوتسەك ،بىركىچىك ئوي ئويىنىڭ ئىچىگە خەنجەر نى كىچىك قىلىپ سىزىلغان ئىدى، يەنە ئاززاق ئارلىق قويۇلغان بولۇپ يامبۇ شەكلى سىزىلغان بىراق قانداق مىڭىش

توغۇرسدا سزىق ياكى ئىستىرلكا بەلگسى سزىلمغان ئىدى، لكن بۇيەردە نەدىمۇ ئۆي بولسۇن، ھەمسى يەنە ئۆڭكۆر بولدى، مەتتوختى خەرتىنى كۆرگەندىن كىين ،...

ـ مۇشۇيە دەل خەنجەر يوشۇرۇنغان جاي بىز ئالتە ئادەم بولغاندىن كېين ئىككىدىن بىرگۇرپا بولۇپ ئىزدەيلى چۇقۇم بۇ ئۆڭكۇرلەنىڭ بىردە ۋەسيەتنامدە ئىتقان سىرلىق ئۆي با بەلكىم بۇئۆيلەردە بىز ئويلمغان خەتەرگە ئۇچۇرشىمز مومكىن ئۆينى تاپقاندىن كېين، دەرھال كەينىڭلارغا يىنىپ بۇجايغا كىلىڭلار، ھەممەيلەن بىرلىكتە كىرمىز ،يەنە بىر ئىش ئالدىڭلارغا ئالتۇن جاۋاھىراتلار ئۇچۇرسۇن ياكى باشقا تۈردىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسلەر ئۇچۇرشىدىن قەتئىي نەزەر ئىلىشقا بولمايدۇ، ئاۋال ئوڭ تەرەپتىكى ئۈچ ئۆڭكۇرگەكىرەيلى ...مەتتوختى بۇسۆزلەرنى قەتئىلىك بىلەن ئىتتى،مەن ئۆڭكۇرگە بەلگە قىلىپ قويۇش ئۇچۇن بايام بەلگە قىلغانىغا ئوخشاش 1 ـ نۇمۇرلۇق ئۆڭكۆر دەپ بەلگە قىلىپ قويماقچى بولۇپ يېنىمدىن پىچاقنى چىقرىپ قارسام ئۆڭكۆر تىمدا 1 ـ نۇمۇرلۇق ئۆڭكۆر دەپ بەلگە تۇردۇ باشقىلار مەندىن بۇرۇن بەلگەقىلىپقويغان ئوخشايدۇ دەپ كۆپ ئويلاشمايلا مەتتوختىغا ئەگىشى ئوڭ تەرەپتىكى ئۇچۇنچى ئۆڭكۆرنىڭ تىمغا 4 ـ نۇمۇرلۇق ئۆڭكۆر دەپ بەلگە قىلىپ قويۇپ كىردىم... كىرىپ ئىككىمىزئىككى تامدىكى تاملارغا قاراپ

ماڭدۇق ،مەن سەل ئىتتىك ماڭغان بولسام كىرەك مەتتۇختى ئۇنمىترچە ئارقامدا قالغان ئىدى ،يېرىم سائەت ماڭا ماڭماي بۇئۆڭكۈرنىڭ ئاخرىغا يېتىپ كەلدىم، ئالدىمدا بىز بايام كۆرگەنگە ئوخشاش 11ئۆڭكۈر تۇراتتى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆڭكۈر تىمغا قاراپ بىشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ...

## 17 ـ باب:ئېزىتقۇدىن قۇتۇلۇش

ئۆڭكۈر تىمغا قاراپ بىشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ،كۆرگىنىم مەن بايام بەلگە قىلىپ قويغان 4 ـ نۇمۇرلۇق ئۆڭكۈر دىگەن خەت بولدى...

ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدىن ئاجىز يورۇقلۇق كۆرۈندى ،دەرھال ئۆڭكۈر سىرتىغا چىقتىم بايام بىزكىرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش يەنە 11ئۆڭۈر تۇراتتى ،ئىككىنچى نۇمۇرلۇق ،ئۆڭكۈردىن چىراق يورقى چىققۋاتاتتى ،دەرھال ئىككىنچى نۇمۇرلۇق ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلدىم ھايال ئۆتمەيلا ئىككىنچى نۇمۇرلۇق ئۆڭكۈردىن بايام كىرىپ كەتكەن ئىككەيلەن چىقتى،يەنە بىر ئۆڭكۈردىنمۇ كىرىپ كەتكەنلار چىقتى ئۇلارمۇ بىزنى كۆرۈپ نىمە دىيشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى،

چوكانچاق:

ـ ئۇنداقتا سز ئۆڭكۈر نىڭ بۇ بىشىدىن كىرىپ يەنە بىر بىشىغا بارغانغاقەدەر ئارقىڭىزغا بىرقىتىممۇ ئۆرلۈپ قارىمىدىڭىزمۇ ؟چوكانچاق يەنە سۇئال سوراشقا باشلىدى ،

يەكچەشمە:

ـ دەسلۆپدە مەتتوختى كەينىمدە قالغاندا بىرقىتىم قاردىم لىكىن يەنە ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم ،ئۆڭكۈر تىمدىكى ئۆزۈم يىزىپ قويغان خەتنى كۆرگەن چىغىمدا، كەينىمگە قارىغاندەك قىلغىنىم يادىمغا يەتتى،قارغاندا كەينى تەرەپكە قاراپ مىڭىپ ئۆڭكۈرگە كىرگەن تەرەپكە مىڭىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىغان ،لىكىن ئۆڭكۈر نىڭ سىرتى يەنە باشقا ئۆڭكۈرگە كىردىغان يەردە ئاجىز يورۇقلۇقنى كۆرۈپ هەيران قالدىم ،ئۇبىرقانچەيلەنمۇچىقتى ، ئۇلارمنى كۆرۈپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، شۇۋاقىتتا بىزنىڭ بىرئىزنىتقۇغا كىرىپ قالغانلىقمنى هىس قىلدىم ،

نۇر :

ـ ئۆڭكۈر دىگەن بىرقاراڭغۇ جاي نىشانى پەرىق ئىتىش تەس بەلكىم سز مەتتوختى بىلەن پاراڭلىشىپ ،ئۇلارمۇ بىر بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئالدىمغا ماڭدىم دەپ كەينى تەرەپكە ئۇقۇشماي مىڭىپ

قالغاندىمىزمۇ دىگەننى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ ؟نۇرمۇ ئۆزنىڭ ئويلىغىننى بايان قىلدى،

يەكچەشمە :

ـ شۇۋاقىتنىڭ ئۆزدە كاللامغا ئىزنىتقۇ دىگەن بىر ئۇقۇم كەلدى ،ئەگەر مەن مەتتوختى بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭغان بولسام ئىكىمىز پاراڭ بىلەن بولۇپ كەلگەن تەرەپكە مىڭىپ قىلىشىمىز مومكىن ئىدى، لىكىن بىز شۇ ۋاقىتتائۆڭكۈر تىمىغا قاراپ سىرلىق ئۆينى ئىزداۋاتقان ئىدۇق، بىر بىرىمىز بىلەن پاراڭ قىلىشقىدەك ۋاقتىمۇ يوق ،بو مۇمكىنچىلىك ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ...،

داتو:

ـ ئاكا ئۆنداقتا سىزگە بىشارەت بەرگەن ئەرۋاھ يول كۆرسىتىپ ئىزنىتقۇدىن قۇتۇلدۇرۋاپتىدە ...

يەكچەشمە:

ـ ئۇنداقمۇ ئەمەس بىزنى ئىزنىتقۇدىن ئىلىپ چىققان مەن ئىلىۋالغان ئىككى دانە بامبۇك پۇتۇكچە بىزنى ئىزنىتقۇ ئۆڭكۈر دىن ئىلىپ چىقتى،

زۇلپىيە:

ـ بامبۇك پۇتۇكچە ...

يەكچەشمە:

ـ ھەئە مۇشۇ شۇ ...

بويندىن برپارچە بامبۇك پۇتۇكچنى چىقاردى ،بۇنى بامبۇك دىگەندىن كۆرە قاشتېشى دىسەكمۇ بولاتتى،ناھايتى ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلغان بولۇپ قاشتىشىدەك شۇنداق سىلىق ئويۇلغان ئىدى، ئوزۇنلىقى ئون سانتا كەڭلىكى ئىككى سانتا كىلەتتى ،ئالدى كەينگە نۇرغۇنلىغان خەت پۇتۇلگەن ئىدى،خەت يەنە كىلىپ مەندىكى قاشتىشى تۇماردىكى يىزىققا ئوخشاش خەت ئويولغان ئىدى،

يەكچەشمە :

ـ شۇ ۋاقىتتا يانجۇقۇمدا بىرنەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقىنى سەزدىم ،يانجۇقۇمغا قولۇمنى سالسام مىدىرلاۋاتقان مۇشۇ بامبوك پۇتۇكچە ئىكەن ،بامبۇك پۇتۇكچىگە قارشىم بىلەن ،بىرسى مىنى كۆنترول

قىلغۇالغاندەك سۆلەشكە ئالدىدا يولباشلاپ مېڭىشقا دەۋەت قىلماقتائىدى،لىكىن ئاۋازىمنى ئۆزۈمنىڭ نىمە داۋاتقىنى پەقەت ئاڭلىيالمىغا ئىدىم،ھەمنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتىمەن،پۇت قوللىرۇم ئۆزۈمگە بوي سۇنمىغان ئىدى، ئاخىرى بىز دەسلەپتەكىرگەن جايغا ئوگۈشلۇق چىقۋالدۇق ،لىكىن ئىشلانىڭ ئەمدە باشلىنىدىغىننى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ،ئىدىم ،

...يەكچەشمە سۆزلىرنى داۋام قىلماقتا ئىدى، لىكىن بۇنىڭ جەملە مۇئەللىم،زۇلپىيە،كىچىك جادىگەر،ئۆلۈپ كەتكەن ئۈچ ساۋاقدىشىمنىڭ،ماڭا ئورۇنلاشتۇرغان كەمستكىسىز بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم،

يەكچەشمە :

ـ ئۆزۈممۇ بىلمەي كىرگەن يەرگە كىلىپ قالدىم ،ھەممەيلەن مىنىڭ كەينىمدىن ئەگىشىپ دىگىدەك ،چىقىپ بولغان ئىدى ،لىكىن بۇيەردە ئون نەچچە ياساۋۇل بىزنىڭ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قولىرغا قىلچىنى ئىلىپ ،جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار تۇرغان ئىدى، بىزنىڭ چىقىنىمىزنى كۆرۈپ ھەمىسى قىلچلىرنى كۆترۈپ بىزگە ئېتىلدى ،دەرھال يىنىمدىن قىلچىنى ئىلىپ قارشىلىق كۆرستىشكە

تەييار بولدۇم ،مەتتوختىلارمۇ يىنىدىن ئۈزۈن قىلچالارنى چىقرىپ مۇردىغا ئايلىنىپ كەتكەن ياساۋۇللار بىلەن روبىرو ئىشلقىلى تۇردى ، مەن بىرسى بىلەن ئىلىشماي تۇرۇپ يارلاندىم،يەنى پۇتۇمنى ناكار قىلۋەتتى،سەل مىسلدىغان بولسام ،بەلكىم پۇتۇمنى كىسىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى، دەل شۇ ۋاقىتتا يەنە ئىككى ياساۋۇل كىلىپ بايام بىز بىلەن ئىلىشقان ياساۋۇللار نى چىپىپ تاشلىدى ،بۇخەتەردىنمۇ پۇتۇمنى ھسابقا ئالمغاندا ھەممەيلەن دىگۈدەك ئامان ئىسەن ئۆتتۇالدۇق ،ياساۋۇللار بىزگە بىر خەرىتە بىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى ،بۇ خەرىتە بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى كۆرستىگەن ئۆڭكۇرگە كىرىپ ،يىرىم سائەت ماڭغاندىن كىيىن ،كۆزلىگەن نىشان يەنە سىرلىق ئۆيگە كەلدۇق، لىكىن بۇيەردە ئەڭ دەششەتلىك توزاق بارلىقىنى ،ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق ،سىرلىق ئۆي دىگەن نامغا لايىق سىرلىق ئىدى....

# 18 ـ باب:سرلىق ئۆي

سرلىق ئۆي دىگەن نامغا چۈشلۈق ناھايتى سرلىق ئىدى، ئۆڭكۈر ئۈستىگە يەتتە يۇلتۇز لۇق كرىستال ئۆڭكۈرى دەپ يىزىلغان ئىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن بىرخىل مۇزنىڭ رەڭگىدەك كۆكۈچ رەڭدە يورۇق ئىدى، خۇددى تاڭ سەھەردىكى سۇبھىدە ھالەتتە بولغاچقا ، چىراق يىقىشنىڭمۇ ئورنى قالمىغان ئىدى ،داۋاملىق ئالدىمىزغا ماڭدۇق، ئالدىمىزدا يەتتە دانە داڭقان قازان تۇراتتى،داڭقان قازاندىن باشقا نەرسە ئەسلا يوق ئىدى ، مەتتوختى: بۇيەردە يەنەبىركىرىش ئىشىگى بولىشى مۇمكىن بۇيەردە داڭقان قازاندىن باشقا نەرسە يوقكەن،خەرىتىدە كۆرسىتىلگىنى بۇيىچە بولغاندا ،ئەرۋاھ خەنجىرى دەل مۇشۇ يەردە ئۆڭكۈر تىمىغا تەپسىلى قاراپ باقايلى ،بەلكىم بىرە تاش ئىشىك بولىشى مومكىن ،ئىشىك بولسا چوقۇم تامدا يىرىقچە بولدۇ ھەممىڭلا يەرگە تامغا تەپسىلى قاراپ يىرىقچى بار جايىنى تىپىڭلا ،ئەرۋاھ خەنجىرنىمۇ تاپىدىغانغا ئازقالدى ،دىدىدە ئۆزىمۇ ئىزدەشكەباشلىدى ،لىكىن نەچچە قەدەم ماڭمايلا تەرەپ تەرەپتىن ،يا ئوقلىرى ئۇچۇپ كىلىشكە باشلىدى، بىر يائوقى مەتتوختىنىڭ كۆزىنى تىشىپ ئوتۇپ مىنىڭ كۆزۈمگە سانجىلىپ توختىدى، چىقدىغۇسىز بىر ئاغرىق مىڭەمگە چىقىپ توختىدى، قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن يائوقنى يۇلۇپ ئالدىم ،كۆزۈمنىڭ قارچۇقى بىلە يۇلنۇپ چىققان ئىدى، كۆزۈمنىڭ قارچۇقنى كۆرۈپ يىقىلىپ چۈشتۇم

كۆز ئالدىمنى بىرسى توربىلەن توسۇپ قويغاندەك ناھايتى گۇنۇس،مەتتوختى بولسا بىركۆزىدىن قانلار ئېقىۋاتقان ھالدا قىلچ بىلەن يائوقىنى توسماقتا ئىدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ھىلىقى دەسلىۋىدە كۆرگەن بىركۆزىدىن قان يىرىڭلار ئېقىۋاتقان مۇردىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى ،بەلكىم يەردە مەخپى قۇرۇلمنى قوزغىتىدىغان نەرسە بولسا كېرەك ،يائوقىمۇ بارابارا شىددەتلىك ئېتىلماقتا ئىدى ،قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن كۆزئالدىم بارا بارا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى،قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى قاتتىق ئاغرىق ،قورسۇقۇمنىڭ كۇكىراپ ئېچىشى بىلەن ھۇشۇمغا كەلدىم، پۇتۇن يەر قانغا بويالغان ئىدى، باشقىلارمۇ ھەممىسى يىقىلغان يائوقلىرى سانجىلىپ خۇددى كىرپىدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەرگە ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ مەتتوختىنىڭ سومكىسىنى ئىلىپ كەينىمگە يىنىپ چىقتىم ،مەتتوختىنىڭ سومكىستىن يەيدىغان نەرسە بىلەن قورسۇقۇمنى توقلىدىم،ئازراق يىمەكلىك ئىلىۋىلىپ ،ئاندىن ھىلىقى چوڭ قولچىراقنى ياندۇرغان پىتى،يىنىپ چىقتىم پۇتۇم يىرىڭداپ كەتكەن بولۇپ ،بىركۆزۈمدىن تىخچە قان ئېقىپ تۇراتتى، ئاران تەستە قايتىپ چىقىۋالدىم ،ھىلىمۇ ياخشى بىرە مۇردا ياكى ئەرۋاھلارغىمۇ ئۇچۇرمىغان ئىدىم، مەھەلىدىكى بىرتىۋىپىنىڭ يىنغا ئۇدۇل كەلدىم، نەچچە كۈن يىتىپ ئاران دىگەندە ئەسلىمگە كەلدىم،بىركۆزۈمدىن ئايرىلغىنىم ئازدەك پۇتۇمنىڭ ناكار بولۇپ قىلشىنى ئويلاپ باقمىغان

ئىدىم ،...يەكچەشمە گەپلىرنى دەپ بولغىچە كۆزدىن ئازراق ياش مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەن ئىدى، يەكچەشمىك سەرگۈزەشتىسى ئاڭلاپ ،ئۇنىڭغا ئازراق ئىچىممۇ ئاغرىپ قالدى، بىر كۆزدىن ئايرىلغىنى ئازدەك ،بىرپۈتىمۇ ناكار بولۇپ قالغان ئىدى ، ھەي ئىشلا بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى ،ئازپاز ئەسلىمگە كىلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، نەچچە كۈن تىنىچ ئامان ئۆتتۈپ كەتتى، دەل تاۋۇز چاغىنى بولغان كىچىسى ئاي شۇنداق چىرايلىق تولغان ئىدى، بازاردا خەنزۇ يولداشلا تاۋۇز چاغىنى تەبرىكلەپ پوجاڭزا ساليۋت ،ئېتىپ ئاي تاماششاشى قىلماقتا ئىدى، ،شۇچاغلانىڭ ئۆزدە ساليۋت ئاتىدىغانلار ئاز بولغاچقا چاغاندىن باشقا بايراملاردا ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى، شۇيىلنىسى تاۋۇز چاغىنىدا كەنتىمىزدىكى بىرقانچە خەنزۇ يولداشلا ساليۋت ئېتىپ مەھلىمىزنىڭ ئاسمىنى كۈندۈزدەك يورتىۋەتكەن ئىدى، مەن مۇ ئۆگزىگە چىقىپ ساليۋت تاماششاسى قىلدىم، ئازاق توڭلىغاندەك قىلدىم ،سوغۇق شامال يۈزلىرىمنى سىپاپ ئۆتتۈپ كەتتى، قايتىپ چۈشۈپ چاپىنىمنى كىيۋىلىپ قايتا ئۆگزىگە چىقىش ئۈچۈن شوتىنىڭ يىنىغا قاراپ ماڭدىم، شوتىنىڭ يىنىدا بىرقانچە قارسايە ماڭا قاراپ تۇراتتى ،ساليۋتنىڭ پوك ئىتىلىشى بىلەن ھويلىنىڭ ئىچى يورۇپ كەتتى، شوتىنىڭ يىنىدا ،ئۈچ ياساۋۇل قىلچىنى كۆترۈپ ماڭا قاراپ تۇراتتى، ساليۋتنىڭ يورقىدا ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئىنىق كۆردۈم ،دەل ئۆڭكۈر دە ئۈچراتقان مۇردىلار شۇ ئىدى، ئۇلارنى كۆرۈپ

يۈگۈرگەن پىتى ئۈينىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم، ئۆيگە كىرىپلام ئىشكنى ئىچىدىن تاقىۋالدىم ،ئىشكە مۇشلا مۇشلا توختاپ قالدى، ئىشكە يۆلەنگەن پىتى ئۇخلاپ قاپتىمە ئورنىمدىن تۇرسام كۈن چۈش بولۇپ كىتىپتۇ، دەرھال شەھەرگە كىرىپ بىرپالچىنى تىپىپ ئۆزۈمگە پال ئاچتۇردۇم ،پالچى ماڭا يول كۆرسىتىپ قارئىشەك تۈيقى بىلەن تۇمار پۈتتۈرۋالسام ماڭا ھىچ ئىش بولمايدىغىنى ئىتتى ،ھەمدە ئۆزىنىڭ يىقىن ئاغىنىسىنىڭ تۇمار پۈتۈدىغان ئىشتىن خەۋرى بارلىقىنى مىنىڭ شۇكىشنى ئىزدىشىمنى تاپلاپ ئۇكىشگە بىرپارچە خەت يىزىپ بەردى، ئۇكىشنىڭ يىنغا بىرشىم بىلەن خەتنى كۆرۈپ ئارتۇق گەپ قىلماي ،نەچچە سائەتتىن كىيىن ئىلىپ كىتىشىمنى تاپلىدى ،مەنمۇ بىرسائەتتەك بازار ئايلىنىپ قايتاشىمدا ئۇكىشنىڭ يىنغا كىرىدىم ،ئۇكىشمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ،بىردانە كىچىك بوغچىنى بىرىپ ئۆيگە بارغاندىن كىيىن ئىچىشىمنى تاپلىدى، مەنمۇ قىزىلچىدىن نەچچەۋاراقچە بىرىپ رەخمەت ئىيتىپ يىنىپ كەلدىم، ئۆيگە كىرىپ بوغچىنى ئاچتىم بوغچىدا تۆتدانە تۇمار بىلەن بىر پارچە خەت تۇراتتى، خەتتە قىزىل رەڭدىكىسنى ئايالىڭىز ئىسىۋالسۇن ،ئاق رەڭدىكىسنى دادىڭىز ئىسىۋالسۇن ،يىشىل رەڭدىكىسنى بالىڭىز ئاسسۇن ،قار رەڭدىكىسنى سىز ئىسىۋىلىڭ ،يادىڭىزدا بولسۇن كۈندۈزى ئىسىۋالمىسىڭىزمۇ چوقۇم كىچىسى يىنىڭىزدىن ئايرىماڭ ،ھەرقانداق ۋاقىتتا، مەيلى ھاجەتكە چىققاندا ياكى يۇيۇنىۋاتقان

بولسىڭىزمۇ بوينىڭىزدىن ئايرىماڭ ،سىز ئىلىۋالغان بامبوك پۈتۈكچىنى ھەم ئىلىۋالغان كىتابنى كۆيدۈرىۋېتىڭ ياكى چاشقاننىڭ قىننىي سۈرتۈپ قويۇڭ ،شۇندىلا بىخەتەر بولىسىز،دەپ يېزىغان ئىدى، شۇندىن ئېتىبارەن مېنىڭ تۇرمۇشۇمۇ تىنچلىنىپ قالدى، .....

## 19 ـ باب:مەن تەۋەككۇل قىلىمەن

يەكچەشمۇ ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ،بىرمۇبىر سۆزلەپ چىقتى ،

يەكچەشمە:

ـ مەنمۇ دەيدىغاننى دەپ بولدۇم بىرىش بارماسلىق سىلەرنىڭ ئىشىڭلا ،چوقۇم ئاي چىقاندا بەكرەك دىققەت قىلىڭلار، بۇ مۇردىلارنىڭ سەركىسى يەنە پىرخون مۇردا پەقەت ئاي تولغان كېچىدىلا ئويغىنىپ ھەركەت قىلىدۇ، باشقا مۇردىلار ئانچە خەتەر ئېلىپ كېلەلمەيدۇ ،راستىنلا بىرىپ قالساڭلار چوقۇم ئاي تولۇشتىن ئاۋال قايتىپ كېلىڭلار، ئەرۋاھ خەنجىرلا پىرخون مۇردىنى يوقىتالايدۇ ،

ـ ئاكا ئۇنداقتا، كىتاب ئىچىگە يوشۇرۇلغان خەرىتە راسمۇ يالغانمۇ ،سۇئال نەزىرىدە يەكچەشمىگە قاراپ قويدۇم ...

ـ خەرىتە راس لىكىن خەرىتىنى  پىرخون ئەپسۇن بىلەن ئۆزگەرتىۋەتىپتۇ ،

ـ بۇنى سىز قانداق بىلدىڭىز ؟

ـ مەن ئىلىۋالغان ئىككى دانە بامبوك پۈتۈكچە  مىنىڭچە بولغاندا ،سىھىر ئەپسۇندىن ساقلىنىدىغان نەرسىكەن ،ئۆيگە قايتىپ كىلىپ كىتابىتىكى خەرىتىگە قاردىم ،لىكىن بۇ خەرىتە بىز يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا سىزىۋالغان خەرىتىگە قىلچە ئوخشىمايتتى، بەلكى ياساۋۇللار بەرگەن خەرىتىگە ئوخشاش ئىدى، شۇندىلا مەندىكى بامبۇك پۈتۈكچىنىڭ ئەپسۇن سىھىردىن ساقلايدىغىنى بىلدىم، بولمىسا نەچچە يىل بۇرۇن پىرخۇن مىنى مۇردىلارنى ئەۋەتىپ ئۆلتۇرمەكچى بولدى، مەن قارئىشەك تۈيقى بىلەن تۇمار پۈتتۈرۋالغاچقا ماڭاچىقلالمىدى ،شۇنداق بولغانكەن ئەپسۇن بىلەن مىنى ساراڭ قىلىپ ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە ئۆلتۈرگۈزىۋەتسە بولاتتى ،لىكىن يەنىلا نەچچە يىلدىن بۇيان ساق سالامەت  ياشاپ كەلدىم ،دىمەك مۇشۇ بامبوك پۈتۈكچە پىرخون مۇردىنىڭ ئەپسۇن سىھرىدىن مىنى ساقلاپ قالدى،راستىنلائۇجايغا كىرمەكچى بولسىڭلار بۇ بامبۇك پۈتۈكچە بىلەن خەرىتىنى ئىلىۋالساڭلار مىنىڭچە چاتاق چىقمايدۇ، مۇھىمى

،يەتتە يۈلتۈزلۈق كىرستال ئۆڭكۈردىكى جانغا زامىن قۇرۇلمىنى توختىتالىسىڭىز  بەلكىم ئەرۋاھ خەنجىرنى ئالىشىڭلار مۇمكىن ، بولدى كەچ بوپ كەتتى، بالدۇرراق ئارام ئىلىڭلار ،بۈئۆيگە سىلىنچا سىلىپ قويدۇم ،مۇشۇ يەردە ئۆخلاپ ئەتە قىلدىغان ئىشىڭلارنى قىلارسىلەر ...

يانتەرەپتىكى بىر ئۆيىنى كۆرسىتىپ بىزنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى ،تاڭ سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناشتا قىلۋالغاندىن كىيىن كەنتتىكى بىر ماگزىندىن تەييار يىمەكلىك ،پىرسلانغان يىمەكلىك ئىلىپ سومكامغا قاچلاپ ،كىچىكرەك قولچىراقتىن بىراقلا بەشنى سىتىۋالدىم ،يەنە كىلىپ باتارىيە قاچىلايدىغىندىن ،باتارىيە دىن زاپاسقا نەچچىنى ئارتۇق ئىلىپ ،تەييار لىقنى پۈختا قىلغاندىن كىيىن، خارابىلىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق، مىڭىش ئالدىدا يەكچەشمە يىندىكى بامبۇك پۈتۈكچىنى بەردى، مەنمۇ ھالقىلىق پەيتتە جانغا ئەزقىتىپ قالار دەپ ئىلىپ ،ماڭدىم،

چوكانچاق :

ـ باتۇر راستىنلا كىرىستال ئۆڭكۈرگە كىرەمسەن؟

ـ مۇشۇنىمۇ سوراش كىتەمدۇ !

ـ قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ ؟

ـ قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر مەن تەۋەككۇل قىلىمەن ،سىلەر خالىمساڭلار ،ئۇمۇ سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار ،

ـ ئۇنداق دىمە باتۇر بىزدىگەن قىيامەتلىك ئەل ئاغىنىلەر !

ـ ئەمسە مەن بىلەن بىر كىردىغانلار كەينىمدىن مىڭلار خالىمايدىغانلار ئىختىيار مەجبۇر لىمايمەن :دىگىنىمچەيۈرۈپ كەتتىم،ئۇلارمۇ بىردىن ئىكىدىن ئەگىشىپ دىگىدەك كەينىمدىن كىلىپ بولدى، ھەش پەش دىگۈچە مانا خارابىلىكنىڭ ئالدىغا كىلىپ بولدۇق...

## 20 ـ باب:يەتتە يۇلتۇزلۇق كىرىستال ئۈگكۈر

ھەش پەش دىگۈچە خارابىلىكنىڭ ئالدىغا كىلىپ بولدۇق ، خارابىلىك ئالدىدا ،جەملە مۇئەللىم ،شەرۋانە (مىس مىس)،گۈلنىگار(كىچىك جادىگەر)بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن ،ئارتۇقچە گەپ قىلماي يول باشلاپ شاھنىڭ قۇبۇلخانىسقا كىردىم ،قۇبۇلخانىدا ئىككى ئالتۇن قۇڭغىراق ،جىرىڭ جىرىڭ ،قىلىپ جىرىڭلىماقتا ئىدى ، قوڭغىراقتىن چىققان زىل ئاۋاز ئادەمنىڭ نىرىپلىرنى غىدىقلاپ ،ئادەمنى تىخمۇ سەگەكلەشتۈرەتتى ،بىرتال قوڭغىراقنى ئىلىپ سومكامغا سالدىم ،

ـ باتۇر بۇقوڭغىراقنى ئىلىپ نىمە قىلسەن ؟سوردى چوكانچاق …

ـ ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالسەن ، دىدىمدە داۋاملىق يول باشلاپ ماڭدىم، كۆتۈپخانىغا كىرىپ يەكچەشمە كىرگەن مەخپى يول كۆچمەيلا تاپتىم ، بىرىەرئاستىغا چۈشۈدىغان پەلەمپەي بولۇپ پەلەمپەيدىن پۈتۈمنى ئىشىمغا چۇكانچاق قولۇمدىن تارتىپ

ـ راستىنلا كىرەمدۇق ؟دەپ سوردى

ھەئە! كۆپ ئويلىما ھىچ ئىش بولمايدۇ …دىدىمدە داۋاملىق ماڭدىم، ئۆزۈم ئۈنداق دىگەن بىلەن يەنە قانداق ئىشلار يۈزبىردۇ ،نەچچىمىز

ئۆلۈپ ،نەچچىمىز ھايات قايتىپ چىقالايمىز بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى ،ئون نەچچە مىنۇت ماڭغاندىن كىيىن ئۈچ ئاچال يول ئۇچۇردى ،يەكچەشمىنىڭ ئىتقىنى بويىچە ئوڭ تەپتىكى يول بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق ،ئازراق ئىچكىرىسگە كىرشىمگە جەملە مۇئەللىمنىڭ چاقىرشى بىلەن توختاپ قالدىم ،

ـ توختاڭلار سلەرگە بىردىغان نەرسە بار ،ئۈڭكۈر ئىچىدە ئازغۇشۇپ كەتسەڭ پايدىسى تىگىپ قالىدۇ ! دىگىنىچە سۇمكىستىن قول سائىتىدىن چوڭراق كەلگەن نەرسىنى چىقرىپ ھەربىرەيلەنگە بىردىن تارقىتىپ بەردى،

ـ بۇ JPSئارقىلىق ئورۇن بەلگىلىگۈچ ،ئۆزۈڭلانىڭ ئورنىنى يەنە باشقىلانىڭ ئورنىنى كۆرستىپ بىردۇ ،قاراڭلار ،بۇ قىزىل چىكىت ئۆزۈڭلانىڭ ئورنۇڭلار ،قالغان يىشىل چىكىت باشقىلانىڭ ئورنى ،بۇنى تاقۋالساڭلار نىشاندىن ئادىشىپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ،ھەممەيلەن بۇ نەرسىنى قول سائىتىدەك قولىمىزغا تاقۋالغاندىن كىيىن يولنى داۋام قىلدۇق، ئاردىن يىرىم سائەت ئۆتتى بولغاي ،ئالدى تەرەپتىن يورۇقلۇق كۆرۈندى ،بايام سومكىغا سلۋالغان قۇڭغىراقنى چىقرىپ قولۇمدا جىرىڭلاتقاچ ئالدىغا قاراپ ماڭدىم ،قوڭغىراقنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىدىن ئالدى تەرەپتىن تۆت

بەش كىشىنىڭ قاتتىق چىقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى ،قەدەملىرىمنى تىزلىتىپ بىرقولۇمدا قولچىراقنى يەنە بىر قولۇمدا قۇڭغىراقنى جىرىڭلاتقىنىمچە يورۇق چىققۇاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم ،يورۇقلۇق كۆرۈنگەن تەرەپ دەل يەكچەشمە ئىتتقان سىرلىق ئۆي دىگەن يەر شۇ ئىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدە يەتتە يۇلتۇزلۇق كىرىستال ئۆڭكۈر دەپ پارىسچە يىزىلغان ئىدى، بايامقى چۇقىراشقان ئاۋاز ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن چىققۇاتقان ئىدى ، ئۆڭكۈر ئىچى يەكچەشمە ئىتتقاندەك يورۇق بولۇپ تاڭ سەھەر دىكى سۇبھىدە يورۇق ئىدى، ئىچى تەرەپتىن بىرخىل بەتپۇي پۇراق چىقىۋاتقان ئىدى، بەلكىم جەسەتنىڭ پۇرىقىدۇ ،ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بەش ئەرۋاھ بوشلۇقتا لەيلىگىنىچە قۇلاقلىرنى تۇتۇپ چۇقۇرىشىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئۈتىمىدىن بۇ تىمغا ئۇسۇۋاتقان ئىدى، قوڭغىراقنى تىخىمۇ كۈچەپ جىرىڭلاتتىم تىخىمۇ سەت چىقىراپ تۇمانغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىپ بولدى ،

- باتۇر ئەسلىدە سەن بۇ قوڭغىراقنى جىن ئەرۋاھلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئىلۋاپسەندە ؟ دىدى چۈكانچاق

- بەك كۆپ ئويلاپ كىتىپسە ،ئۇنداقمۇ ئەمەس ،يەكچەشمە ئەرۋاھقا ئۇچۇرغاندا ئەرۋاھ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەكچەشمىنىڭ كالىسىنى قايدۇرۇپ تىكەن ،ھازىر بىز يولنى توغرا تىپىپ كىردۇق ،ئەرۋاھلارغا

ئۇچۇرساق بەلكىم بىزنىڭ كاللىمىزنىمۇ قايدۇرۇپ ،نەلەرگە ئاپىرۋېتىدۇ ،بۇنىسى نامەلۇم ،ئالدىن قىتىم قوڭغىراق جىرىڭشىغاندا ئالدىمىزغا ئۇچۇرغان ئەرۋاھ چۇقىراشقىنچە تۇمانغا ئايلىنىپ كەتتى ،دىمەك بۇ قوڭغىراقنىڭ ئاۋازى بىزنى ئەرۋاھلارنىڭ ئىزىنىقتۇرشىدىن ساقلايدۇ ،ھەم ئادەمنىڭ نىرۋىسىنى غىدىقلاپ تىخمۇ سەگەك قىلىدۇ،

ـ بۇنىڭدىن چىققان ئاۋازنىڭ بۇنداق رولى بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن ،تىخى قۇبۇلخانىغا ئىسىپ قويسا ئالتۇندىن ياسالغان بولغاچقا زىنىنەت بۇيۇمى ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن ،كاللاڭ خىلى ئىشلەيدۇ جۇمۇ سەن سولتەكىنىڭ ،چوكانچاق شۇنداق دىگىنچە كۈلۈپ قويدى ،

ـ مۇشۇنچىلىك ئىشلارغا كاللام ئىشلىمىسە باشقىلارنىڭ با دوكتۇر دەپ چاقىرشىغا قانداقمۇ لايىق كىلەي ،ھى ھى مەغرۇرلۇق كۈلۈپ قويدۇم ،

ـ باتۇرسىزنى ھەقىقەتەن بوش چاغلاپ قاپتىمەن ،،،جەملە مۇئەللىمنىڭ تۇيۇقسىزدىگەن بۇگىپىدىن ھەيران قالدىم ،نىمە دىيشمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم ،جەملە مۇئەللىم ئۇڭكۇر ئىچىگە قاراپ كىرىپ كەتتى ،تۇيۇقسىز كاللامغا يەكچەشمىنىڭ يەردە مەخپى

قۇرۇلمنى قوزغىتىدىغان نەرسە بولسا كىرەك ،ئاشۇ قۇرۇلمنى توختىتالىسىڭىز بەلكىم ئىچىگە كىرەلىشىڭىز مۇمكىن دىگەن گىپى چاقماق تىزلىكىدە كاللامدا ئايان بولدى، جەملە مۇئەللىم توختاپ ،،،تۇيۇقسىز ۋاقىرشىمدىن جەملە مۇئەللىم نىمە قىلىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى ،

باتۇر نىمىنداق ۋاقىراپ ئادەمنى قورقىتىسەن ،،،ساتتارشۇنداق دىگىنچە ئالدىغا قاراپ ماڭدىم،

ھىچقايسىڭلا مىدىرلىماڭلار ،يەريۈزىدە مەخپىيى قۇرۇلمنى قۇزغىتىدىغان قىلتاق بار ،دەسەپ سالغان ھامان ئۆڭكۈرتىمدىن يا ئوقلىرى شىددەت بىلەن ئىتىلىدۇ ،قاراڭلار ،ئۆڭكۈرنىڭ بىر بۇلىڭىدا ياتقان بەش دانە كىرپىدەك بولۇپ كەتكەن جەسەتنى كۆرسەتتىم ،ئۇلارمۇ نىمە قىلارنى بىلمەي ئاستا كەينىگە ياندى ،لىكىن جەملە مۇئەللىم تىخىچە مىدىرماي تۇراتى ،

ـ جەملە مۇئەللىم سىزگە بىرئىش بولمىغاندۇ ،

ـ قارغاندا مەن مەخپىي قۇرۇلمنى قوزغىتىدىغان يەرگە دەسسەپ سالغاندەك قىلىمەن ،،،،دەرھال جەملە مۇئەللىمنىڭ پۇتىغا قاردىم ،ئوڭ پۇتىدا دەسسگەن يىرى يەرگە ئولتۇرشۇپ كەتكەن ئىدى .........

## 21 ـ باب:ئۈچ پۈتلۈق داڭقان

قانداق قىلىش كېرەك ،بىلمەيلا قالدىم ،جەملە مۇئەللىم مەخپى قۇرۇلمىنى قوزغىتىدىغان نەرسىگە دەسسىۋالدى ،پۇتىنى كۆتۈرسىلا تەرەپ تەرەپتىن يائوقلىرى جەملە مۇئەلىمنى ئوتمە تۆشۈك قىلىۋىتىدۇ ،بۇ خۇددى بىر مىناغا ئوخشايدۇ ،دەسسەپ تۇرسا پارتىلمايدۇ پۇتىنى كۆتۈرسىلار پارتىلايدىغان مىنا ،جەملە مۇئەللىمنىڭ هاياتى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالدى، مىنا بولغان بولسىغۇ بىرتال بولتىسنى چىقىرۋەتسە ،ئاسانلا پۈتىدۇ ،لىكىن بۇ مەخپى قۇرۇلما ئوخشمايدۇ ،قوزغىتىدىغان ،يىرى بىلەن مەخپى قۇرۇلمىنى توختىتىدىغان يىرى ئىككىسى ئىككى يەردە ،قانداق قىلىش كېرەك ،بىر مىنۇت تىنچلىنىۋالغاندىن كىيىن ،ئۆڭكۈرنىڭ كىرىش ئاغزىغا تەپسىلى قاراپ چىقتىم ،لىكىن مەخپى قۇرۇلمىنى بىكارقىلىدىغان قۇرۇلمىنى تاپالمىدىم ،

ـ هەممىڭلار ئۆڭكۈرنىڭ ستىنغا يەنە بەشمىتىر يىراقتا تۇرۇڭلا ،باشقىلارنى ئۆڭكۈرنىڭ ستىدىكى بەشمىترنىردا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ،ئۆزۈم ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردىم، يەردە تىزلىنىپ تۇرۇپ يەر يۈزىگە پىچاقنىڭ سىپى بىلەن يەڭگىل ئۇرۇشقا باشلىدىم، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە نەچچە مىتىر بوۋاق بالدەك ئۆملەپ پىچاقنىڭ سىپىنى يەرگە يەڭگىل ئۇرۇپ دىگىدەك ئاخىرى ئاستى كاۋاك كەلگەن يەرنى تاپتىم ،پۈتۈم بىلەن يەڭگىل دەسسەپ سىناپ باقتىم دەرۋەقە

،ئازراق ئولتۇرشۇپ تۇختىدى ،پۇتۇمنى كۆتۈردۇم ئەسلى جايغا كىلىپ توختىدى،

ـ جەمىلە مۇئەللىم ئەمدى پۇتىڭىزنى يوتكىسىڭىز بولىدۇ ،،،دىدىم ،،،،،جەمىلە مۇئەللىم پۇتىنى ئاستا كۆتۈردى ئولتۇرشۇپ كەتكەن يەر كۆتۈرلۇپ ئەسلىگە كەلدى، ھىچ ئىش يۈز بەرمىدى ،

ـ تاس قالدى پۇتۇم ئۇيشۇپ قىتىپ قالغىلى ،،،دىگىنىچە پۇتىغا شاپىلاپ جايدا بىردەم ئولتۇرۋالدى ،مەنمۇ ئىشتىنىمنىڭ توپىسىنى قىقىشتۇرغاچ باشقىلارنى چاقىردىم ،ئۇلار كىرشىگە

ـ قايسىڭلاردا بوياق قەلەم بار ،،،سوردۇم ئۇلارغا قاراپ ...

ـ بوياق قەلەمنى نىمە قىلاتتىڭىز ،،،،سوردى زۇلپىيەمۇ جاۋابىنىڭ ئورنىغا سوئالنى قايتىلاپ ...

ـ بۇجاينى بوياق قەلەم بىلەن سىزىپ قويايمۇ دىگەن ،بۇيەرگە دەسسىگەن ھامان ئۆڭكۈر ئىچىدىكى جاننى ئالغۇچى قۇرۇلما قايتىدىن ئىشقا كىرىشىدۇ ......

ـ بوياق قەلەم يوق ،لەۋسۇرۇخ بولسا بولامدۇ؟

ـ لەۋسۇرۇخ بولسىمۇ بولىدۇ، قىزلانىزە قاچانلا قارسا گىرىم بويۇملارنى يىنىدىن ئايرىمايدۇ ،ئوقوغۇچى تۇرۇپ گىرىم بويۇملارنى يىنىڭىزدا ساقلاپ يۈرگەنگە قارغاندا توي قىلىپ قالسىڭىز ھوجۇر ئۆيىڭىزنى گىرىم بويۇملىرى بىلەن بىزەيدىغان چىراي ،،،مازاق قىلغاندەك كۈلۈپ قويدۇم ،لەۋسۇرۇخ بىلەن بەلگە قىلىپ قويۇپ

،بەتبۆي پۇراق چىقۋاتقان جەسەتنىڭ يېنىغا كەلدىم ،جەسەتلەر تىنخى تولۇق چىرىپ بولمىغان ئىدى، ئۆلگىنىگە كۆپ بولسا ئىككى ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆلگەن ئىدى، دىمەك يەكچەشمە بۇيەرگە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كىرگەن تۇرۇقلۇق، نىمە ئۈچۈن ئون بەش يىل بۇرۇن كىرگەن دەيدۇ، بىر يىشلمەس تۈگۈن بوپ قالدىغۇ بۇ ، ئەجىبا بۇ جەسەتلەر بىلەن يەكچەشمە بىلەن بىللە كىرگەن كىششلەر جەسدى باشقا باشقا جەسەتمىدۇ ياكى يەكچەشمە بىلەن بىللە كىرگەن كىشلەرنىڭ جەسدى مۇشۇ شۇمۇدۇ ،كاللامدا سانسىزلىغا جاۋاپسىز سۇئاللار ئەگىپ يۈرمەكتە ،

ـ باتۇر بۇنۇڭغا قارا ئۈچ پۇتلۇق داڭقاننىڭ ئاستىدا خەت باركەن ،نۇرنىڭ چاقىرشى بىلەن دەرھال ئۈچ پۇتلۇق داڭقاننىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۈچ پۇتلۇق داڭقاندىن يەتتىسى بار بولۇپ، ئاستىدا خەت ئويۇقلۇق ئىدى، داڭقاننىڭ ئاستىغا {ئۈچقۇر شەمشەر بىلىق }دەپ خەت ئويۇلغان ئىدى، جەملە مۇئەللىم داڭقاننىڭ ئاستىدىكى خەتنى كۆرۈپ ؛

ـ بۇ {ئۈچقۇر شەمشەر بىلىق }دىگەن خەتكەن ،بۇخەت بىلەن داڭقاننىڭ قانداق باغلىنىشلىقى باردۇ؟

ـ مىنىڭچە بىلىق سۇغا مۇھتاج داڭقاننىڭ ئىچىگە سۇ تولدۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى، دىدىم،

ـ سۇئىزدەپ نەگە بارمىز؟ئاينۇرەنىڭ بۇ سۇئاللى مىنى گاڭگىرتىپ

قويدى ،

ـ بويەرگە قاراڭلار بويەردە سۇ باركەن ،كىچىك جادىرگەر كۆرسەتكەن تەرەپتە كىچىككىنە كۆلچەك ،كۆلچىكنىڭ يىنىدا ئىككى ياغاچتىن ياسالغان چىلەك تۇراتتى ،چوكانچاق بىلەن داتو چىلەكنى ئېلىپ داڭقانغا سۇقۇيدى ،ئاخىرقى بىر چىلەك سۇنى چوكانچاق يەتىنچى داڭقانغا قۇيۇپ داڭقاندا ئىسلغان پىتى :

ـقىنى؟ بىلىق كۆرەنمەيدىغۇ ؟دەپ تۇرشىغا داڭقاننىڭ ئاستى ئولتۇرشۇپ چەمبەر شەكلدە ئىرىقچە شەكىللەندى ،يەر يۈزى چەمبەرچەس ھالەتتە داڭقاننىڭ بىرىسى ئوك چۆگەلسە يەنە بىرسى تەتۈر چۇگىلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى .چوكانچاق داڭقانغا ئىسلغان پىتى داڭقان بىلەن نەچچە مىنۇت ئايلانغاندىن كىيىن توختىدى، يەر يۈزىدە چوك ھاللەتتە شەمشەر بىلىقنىڭ رەسمى شەكىللەندى ،چوكانچاق بولسا ئۇستىگە قارغان پىتى

ـ ؛يۇلتۇز ،كۆزۈمگە يۇلتۇز كۆرنىۋاتىدۇ ،دىگىنىچە دەلدەڭشىپ تۇراتتى ،ئۇستىگە قاردىم راستىنلا ئۇستى تەرەپتە يەتتە يۇلتۇزقولچىراقنىڭ نۇردەك نۇرچاقنىتىپ تۇراتتى، نۇرلىرى ئۆزئارا كىسىشىپ،يەريۈزدىكى شەمشەر بىلىقنىڭ تۇمشىقى كۆرستىپ تۇرغان تامغا چۈشتى ،،،،،،،،

## 22 ـ باب:سولىنىپ قېلىش

نۇر تامغا چۈشتى بىلەن شەمشەر بىلىقنىڭ تۇمشۇقى كۆرسەتكەن تام يېرلىپ كىرىش ئىغىزى ئېچىلدى ، ئالدىدا مەن كىردىم ،ئارقىدىن باشقىلامۇ ئەگىشىپ كىردى ،جەمىلە مۇئەللىم بايام مەخپى قۇرۇلمىنى قوزغىتىدىغان يەرگە دەسسۋالغانلىق سەۋەبىدىنمۇ قانداق ھەممىنىڭ ئارقىستا كىردى، يېرىلغان تاممۇ خۇددى ھەممەيلەننىڭ كىرشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك جەمىلە مۇ ئەللىم كىرىپ بولىشى بىلەن يېرىلغان تام يەنە جىپسىلىشىپ كەتتى ،بۇ كەڭلىكى 4مېتىر ئۇزۇنلىقى 20مېتىردىن ئاشىدىغان كارىدورئىدى ،

ـ بۇنىڭغا قاراڭلار بۇرەسىملەردىكى مۇشۇ خانلىقنىڭ شاھى بولغان كىشلەرنىڭ رەسىممۇ قانداق ؟شەرۋانە (مىس ـ مىس)نىڭ گىپىدىن تامدىكى رەسىملەرگە قارىدىم ،بىزكىرگەن تام جىپسىلىشىپ كەتسىمۇ، يەنە باشقا چىقىدىغان يول باردەك ،باشقىلارنىڭ چىھرىدە ئاز تولا جىددىلىش دىگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى ،بۇئۇزۇن كەتكەن كارىدورنىڭ بىر تەرپىگە سەككىز پارچە رەسىمنى ئىسىپ قويشى تولىمۇ غەلىتىلىك ئىدى، ،مەنمۇ باشقا ئىشلارنى ئويلىما ي رەسىمگە قاردىم ،بۇ سەككىز پارچە رەسىم ھەممىسى دىگۈدەك مۇشۇ خانلىقنىڭ شاھى بولغان كىشلەرنىڭ رەسمى ئىدى، ئالتە پارچە رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك 80 ـ 90ياشتىن ئاشقان ئادەمنىڭ

رەسمى ئىدى، يەنە بىرى ئەمدىلا 40ياشقا كىرگەن ئادەم ئىدى،ئاخىرقى بىرسى بولسا ئەمدى 25ياشقا كىرگەن  ياش يىگىتنىڭ رەسمى ئىدى،

ـ قاراڭلار بۇ رەسىمدىكى ئادەم ئەجەپ تونۇشقۇ ...نۇرنىڭ كۆرسەتكىنى 25ياشقا كىرگەن يىگىتنىڭ رەسمى ئىدى،

ـ بۇ بىز چاقىرىپ كەلگەن شاھنىڭ مۇردىسىقا ئوخشاۋاتامدۇ نىمە ،چوكانچاقنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ تەپسىلى قاراشقا باشلىدىم ،دەرۋەقە بىز كۆرگەن شاھ مۇردىنىڭ تىخى تولۇق چىرىپ بولالمىغان يىرىم يۈزى بىلەن رەسىمدىكى كىشىنىڭ يىرىم يۈزى ئوخشاش ئىدى، بولۇپمۇ سوزۇنچاق يۈزى  ئوخشاش ئىدى،
ـ توغرا بۇ بىز چاقىرىپ كەلگەن شاھنىڭ ئۆزى ئىكەن ، قاراڭلار بولۇپمۇ سوزۇنچاق يۈزى ...دىدى نۇر

ـ بۇتام بىزنىڭ ئالدىمىزغا كىلىۋاتامدۇ قانداق ،...دىدى گۈلنىگار (كىچىك جادىگەر)
ـ شۇنداق مەنمۇ ھىس قىلدىم ،تىخى پۇراۋاتقان قانىسىق پۇراقنىڭ تەسىردە شۇنداق تۇيلىۋاتقان چىغى دەپ دىمىگەن ئىدىم ...دىدى زۇلپىيە،... بۇلارنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ كەينىمگە قاردىم بايام تۆت

مترلىق كەڭلىكتىكى كارىدور ئۈچ متر بولۇپ قالغان ئىدى ،

ـ قانداق يەر بوپ كەتتى ئەمدى ،بۇ نىياز (باتۇرنىڭ بوۋىسى)بوۋامدىن ئاڭلىغاندەك قەبرىدىكى كىپەن ئوغۇرلىردىن ساقلىنىدىغان مەخپى قۇرۇلمىغا ئوخشاش قىسىلدىغان تام ئىكەنغۇ ،ئەجىبا مۇشۇ يەردە مىجىلىپ ئۆلەرمىزمۇ ........چوكانچاق شۇنداق دىگىنىچە كارىدور نىڭ يەنە بىر تەرپىگە يۈگۈرۈپ كەتتى، بەلكىم هاياتلىق يولى ئىزدەپ ماڭغاندۇ ،تۇيۇقسىز كاللامغا تاغامنىڭ ئۆلمى يادىمغا كەلدى ،تاغامنىڭ جەسدى ئادەم تونۇغۇسىز هالەتتە مىجىلىپ كەتكەن ئىدى،مۇشۇنداق قىسىلدىغان تامنىڭ ئارىسدا قىسلىپ ئۆلگەن ئىدى ،بۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن ياشلارچىقىپ كەتتى، بىز كىرگەندە يىرىلغان تامغا يولەنگىنىمچە ئولتۇرۇپ يىغلاپ سالدىم، بۇ يىغام ئۆلۈم ئالدىدىكى كۆزيىشى بولماستىن ،بەلكى تاغامنى سىغىنىش هىسياتىدىن تۆكۈلگەن ياش ئىدى، چوكانچاق يۈگرەپ كەلدى،

ـ قانداق قىلىمىز ئۇتەرەپتىمۇ چىقىش ئىغىزى يوقكەن ...چوكانچاقنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ نىمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم ،بەلكىم ئۇتەرەپتە چىقىش ئىغىزى بولۇشنى ئارزۇ قىلغاندىمەن ،ئەپسۇس بۇ بىر هالاكەت يولى ئىدى،

ـ باتۇر ئەجبا بىزمۇشۇنداقلا ئۆلۈم كىتەرمىزمۇ ...چوكانچاق يىنىمغا كىلىپ ئولتۇرۇپ سوردى، ـ مەن بىلەن تەۋەككۇل قىلىپ كىرگىنىڭگە پۇشايمان قىلدىڭمۇ؟ ...سوردۇم چوكانچاقتىن ...

ـ مەن ئەزەلدىن سەن كۆرسەتكەن يولدىن مەيلى ئۆلۈم يولى بولسىمۇ مېڭىپ كىلۋاتىمەن ،گاھىدا قاقشاپ قويىمەن يەنىلا سەن كۆرسەتكەن يولدىن يانغان ئەمەس، بۇيەردە ئۆلۈپ كەتسەممۇ پۇشمان قىلمايمەن ،بولدى بۇنى دىيىشمەيلى ئۆلسەكمۇ قوسۇغۇمىزنى توقلاپ ئاندىن ئۆلەيلى، باشقىلارنىڭ بىرگىپى بارغۇ ئاچ ئەرۋاھ بولغان توق ئەرۋاھ بول دەيدىغان ،قىنى يەڭلار ئەزرائىل بىلەن كۆرۈشكەندە ئاچ قورساق كۆرۈشمەيلى ھە،يەڭلا ...نىمداق قىلسىلە يەڭلا ...چوكانچاق بىر قولدا پىرسانغان ئەسرا توخۇپاچىقىنى يىگەچ يەنەبىر قولدا پىرسلانغان ئەسرا توخۇپاچىقىنى باشقىلارغا تەڭلىدى ،قىزلا بولسا ئاللا بۇرۇن يىغىنى باشلىۋەتكەن ئىدى، ساتتار (داتو)مۇ چوكانچاقنىڭ قولدىن بىر توخو پاچىقىنى ئىلىپ ؛

ـ ئۆلسەكمۇ ئاچ قورساق ئۆلۈپ كەتمەيلى ،،،،دىگىنچە پىرسلانغا ئەسراتوخوپاچىقىنى خالتىستىن چىقرىپ يىيىشكە باشلىدى ،جەملە مۇئەللىم بىزگە كەيىننى قىلىپ تۇراتتى ،بەلكىم يىغلاۋاتقاندۇ ،پەقەت نۇر بىلەن كىچىك جادىگەر ھىچ بىر ئىپادىسىز ھالدا تۇراتتى....

## 23 ـ باب: كىچىك جادۇگەرنىڭ كارامىتى

تۆپيۇقسىز  كىچىك جادىگەرلەرنىڭ قولدا بىر هاسا پەيدا بولدى،قولدا هاسا پەيدا بولشى بىلەن  كۆزلىرى قىززىرىپ لەۋلىرى قارداپ چاچلىرى چۇۋلۇپ ،كىيىملىرى قاپقارا ئۇزۇن كىيىمگە ئۆزگۈرۈپ ،خۇددى كىنولاردىكى جادىگەرلەرگە ئوخشاپ قالدى ،بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم ،هاسىدىن كۆچلۈك بىر نۇرچىقىرىپ تامنى توسۇشقا ئۇرۇندى ،بىراق ئىككى تەرەپتىكى تام يەنە هەركەت قىلشتىن توختىمىغان ئىدى، تۆپيۇقسىز كاللام پاللىدە يورۇپ كەتتى،

ـ توغرا ...دىگىنىمچە سەككىرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم،

ـ نىمە توغرا ،قۇتلۇشنىڭ بىرە ئامالىنى تاپقان ئوخشىمامسەن ......؟چوكانچاق توخوپاچىقنى يىگەچ سوردى ...

ـ هە ،،،ئويلاپ باقسام بۇ قەبرە ئەمەس ،پەقەت خەزىنە ئوغۇرلىردىن ساقلىنىدىغان مەخپى ئۆتكەل ،بۇقۇرۇلما ئىغىرلىق ئاشقاندا ئاندىن ئىشقا كىرىشىدۇ ،خەزىنىگە ئوغۇرلۇققا كىرگەنلەر ئۈچۈنلا ئورنىتىلغان ،خەزىنىگە بايلىق ئەكىردىغانلار بۇقۇرۇلمىنى توختىتىپ قويۇپ كىردۇ ،

ـ دىمەك بۇنى خەزىنىگە بايلىق ئەكىرگەنلەر كىرگەندە توختىتىپ قويۇپ ،چىقىپ كەتكەندە ھەركەتلەندۈرۈپ قويدۇ،دىمەك بۇنى تۇختىتىدىغان قۇرۇلما بار شۇنداقمۇ؟ دىدى چوكانچاق خۇشال بولۇپ

ـ توغرا بۇقسىلما تامنى توختىتىدىغان قۇرۇلما بار ......دىدىم

ـ ئەمسە نىمىگە قاراپ تۇرمىز تىزدىن شۇ قۇرۇلمنى تاپايلى ......ئاينۇرە شۇنداق دىگىنچە يەرگە قالايمقان دەسسىگىلى تۇردى ،

ـ ھەي چاتاق يوقتۇ ھە ،نىمش قىلۋاتىسز ...سوردى داتو ئاينۇرەدىن ......

ـ بۇقسىلما تامنى توختىتىدىغان مەخپى قۇرۇلمنى ئىزدا ۋاتىمەن ...دىدى ئاينۇرە جاۋابەن ،،،،،،

ـ ھەي كالىگىزنى ئازراق ئىشلەتسىگىز قانداق ،سىرتتىكى مەخپى قۇرۇلمنى تۇختىتىدىغان قۇرۇلما يەردە بولغانكەن ،بۇنى توختىتىدىغا

قۇرۇلما تامدا بولمامدۇ؟ ......دىدى داتو ...،.......داتونىڭ دىگىنىمۇ توغرائىدى سىرتتىكى يەريۈزدە بولغانكەن ،ئىچىدىكى چوقۇم تامدا بولىشى ئىھتىمالغا يىقىن،جىپسىلىشىپ قالغان تامغا تەپسىلى قاراشقا باشلىدىم ،كىچىك جادىرگەرنىڭ قولدىكى ھاسا تامنىڭ ھەركىتىنى ئازتولا ئاستىلاتقان ئىدى، ئىزدەپ يۈرۈپ دىگەندەك ئاخىرى بىز كىرگەن چاغدا جىپسىلىشىپ كەتكەن تامدىن بۇ قىسلما تامنى ھەركەتتىن توختىتىدىغان ،ھەم ھەركەتلەندۈردىغان قۇرۇلمنى تاپتىم ،قۇرۇلمنى تاپقان چىغىمدا كاردورنىڭ كەڭلىكى ئاران ئاتمىش سانتىمېتىر قالغان ئىدى ،كىچىك جادىگەر سىھىر جادۇ بىلەن تامنى توسۇپ تۇرمىغان بولسا بەلكىم بۇچاققا مىجىلىپ يايىغان ئۇگرە خىمىرسىدەك بولۇپ كىتەر ئىدۇق بەلكىم ،تامدىكى مەخپى قۇرۇلمنى تۇختىتىدىغان قۇرۇلمنى بىسىشىم بىلەن بىز كىرگەن تام قايتىدىن يىرىلىپ كىرىش ئىغىزى ئىچىلدى، قىسلما تاممۇ ھەركەتتىن توختاپ ئەسلىگە يەنە كاردور تۆت مىترلىق ئەسلىگە كەلدى، كىچىك جادىگەرنىڭ قولدىكى ھاسا يوقاپ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلدىيۇ يىقىلىپ چۈشتى ،نۇر چاققانلىق بىلەن كىچىك جادىگەرنى يۆلەپ ؛

ـ گۈلنىگار نىمە بولدىڭىز؟ .........سوردى نۇر

ـ ھىچ گەپ يوق ،پۈت قولۇمدا ماغدۇر قالمىدى، بايام بەك كۈچەپ كەتكەن ئوخشايمەن ...........دىدى كىچىك جادىگەر

**جاۋابەن ............**

**ـ سىزنى يۆدىۋالاي ......**
**ـ بۇنداق قىلساق بولامۇ ؟......**
**ـ بولمايدىغان نىمىسى بار ...**
**ـ شۇ سىزنى چارچىتىپ قويارمەن مىكىن ...**
**ـ چارچاپ قالمايمە ،بولدى شۇنداق بولسۇن............ ئەزمەت كىچىك جادىگەرلەرنىڭ ئۇنىمغىنىغا ئۇنىماي يۆدىۋالدى ،بەلكىم بىزبىلىك ھايات ماماتلىق سەپىرمىزدە ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغاندۇ ...... ئالدىمىزغا داۋاملىق قاراپ ماڭدۇق ،ئالدى تەرەپ يەنە ئۆزۈن كەتكەن تاغ ئۆڭكۈرگە ئوخشاش ئۆڭكۈر ئىدى، بۇ يەرئاستى خەزىنىنى روھى كىسەل ئادەمدىن بىرسى لاھىلىگەنمۇ قانداق،باشلىمى ئۆڭكۈر ئاندىن كىيىن كىرىستال بىلەن يورتىغان ، يەتتە يۇلتۇزلۇق كىرىستال ئۆڭكىرى ،يەتتە دانە داڭقان ،ئىچىگە سۇقۇيغاندىن كىيىن تاشتىن ياسالغان كارىدور ئىچىلىپ قىسلما تام ھەركەت قىلدىكەن قىسلما تام ھەركەتتىن توختىغاندىن كىيىن بۇ ئۆڭكۈرگە كىردىغان ئىغىزمۇ ئىچىلىدىكەن ،راستىنلا ساراڭ لاھىلەپ چىققان ئوخشايدۇ، ئۆزۈمنىڭ بۇ سارڭلاچە خىيالىمغا كۈلۈپ سالدىم ،ئاۋازىم تىنشمغا چىقىپ كەتكەن چىغى ........**
**ـ ھەي باتۇر نىمنداق ساراڭدەك كۈلسەن ............دىدى**

چوكانچاق ھەيران قالغان قىياپەتتە .........
ـ ھېچ نىمگە ئۆزۈمچە كۆلگۈم كىلىپ قالدى شۇ .............دىدىمدە يەنە كۆلۈپ سالدىم،،،،،،،،،،،،،،،،
ـ ۋاي ساراڭ ئىلىشىپ قالمايەنە ،جىن چاپلاشتىمۇ يە ،،،،،،،،،،،دىدى چوكانچاقمۇ كۆلۈپ تۇرۇپ
ـ جىنلا منى يارتامتى ،چاپلاشسىمۇ ساڭا چاپلىشا .........ئۆزۈمنى تۇتالماي يەنە كۆلۈپ سالدىم ،،،،،،،،،،،،
ـ جىنلا سەندىن ما ئاشاتتىمۇ ،قاچانلا قارسام جىن چاپلاشقاندەك ھىجاراپ تۇرغىنىڭ تۇرغان ،چاپلىشىپ بولدىمۇ تىخى ..........چوكانچاق ماڭا گەپ بىردىغاندەك ئەمەس ،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،مۇشۇنداق ساراڭلاچە پاراڭلىشىپ ئون بەش منۇتلار ماڭغاندىن كيىن ئازراق بىرنەسە يەۋىلىپ يىرىم سائەت ئارام ئىلىۋىلىپ ماڭىدىغان بولدۇق ،بايام ھىچقايسى يىمگەن پىرىسلانغا ئەسرا توخۇ پاچىقىنى ئەمدى لەززەتلىنىپ يىشكىلى تۇردى ،،،،،،،،،،،،،،
ـ بايام ھىچقايسىڭلا يىمەيۋاتقان ،ئەجەپ ئەمدى لەززەتلىنىپ يەپ كەتتىڭلارغۇ ............سوردۇم قىزلارغا قاراپ ،،،،،،
ـ جان تۇمشۇققا كەلگەندە قانداقمۇ گالدىن غىزا ئۆتسۇن .........دىدى زۇلپىيە ،،،،،،،،،،،،

ـ ئازراق يەڭ ئاچ پاقا ،سەمرىپ كىتىسىز جۇمۇ، ،،،،،،دىدىم زۇلپىيەگە ئەركىلەپ تۇرۇپ ،،،،،،،،،،،،،

ـ بولدى دىگىچە يەيمەن تازا ،سەمرىپ سىزنى ھاپاچ قىلغىلى سالمايدىغان بولسام ..........ئەركىلەپ چىرالىققىنە بىرنى كۈلۈپ قويدى، ،،،،،،،،،،،،،شۇنداق قىلىپ بۇ بىرۋاخلىق تاماقنى خۇشال خۇرام يىدۇق ،بەلكىم بۇندىن كىيىن يەنە مۇشۇنداق خۇشال خۇرام ئولتۇرۇپ تاماق يىگىدەك پۇرسەت بارمۇ يوق ،بۇنى پەقەت ياراتقۇچىلا بىلەتتى ......

## 24 ـ باب:يىرتقۇچ مەخلۇق

تاماق يەۋالغاندىن كىيىن ئازراق ئارام ئىلىپ ،يولنى داۋام قىلدۇق ،ئون مىنۇتلار ماڭغاندىن كىيىن تۇيۇقسىز كەينىمىزدىن يىرتقۇچ مەخلۇقتەك بىر نەرسىنىڭ ،قاتتىق ھۆكۈرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ماڭغاندىن چىققان ئاۋازى توخماقنى يەرگە ئۇرغاندەك ،گۈپ گۈپ قىلىپ چىقاتتى ،نىمە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي،كەينىمىزگە يەنە ئاۋاز چىقان تەرەپكە قاراپ تۇردۇق ،بەش مىنۇتلاردىن كىيىن ،چىراق يورۇقىدا ،كىلەڭسىزبىربەدەن يۇزى تۈلكىگە ئوخشايدىغان ئادەمدەك ئۆرتۇرۇپ ماڭىدىغان كۆكۈچ چىپۇرلۇق بىرمەخلۇق بىلەن ،پىرخونلاردەك ئۇزۇن قار كىيىم كىيگەن ئۇزۇنلىقىدىن يەرگە سۆرلۈپ قالغان ،چاچلىرى ئۇزۇن ھوشۇقىغا چۇشكەن ،ساقاللىرى قورسىقىغا

چۈشكەن ،چىرايىنىڭ يىرمى چىرىپ كەتكەن ،يەنە يىرمى يۈزتىرسى سوڭىكىگە چاپلىشىپ كەتكەم ،بىر مۇردابىلەن يىرتقۇچ مەخلۇق كۆرۈندى ، ۋاي نىمىنداق يوغان تۈلكە بۇ،خىمىرتۇرۇچ بىلەن باققانمۇ نىمە؟ دىدى چوكانچاق دىمىسمۇ بۇ تۈلكىسمان مەخلۇقنىڭ ھەقىقەتەن جۇغى چوڭ ئىدى، خۇددى تۈلكىنى خىمىرتۇرۇچ بىلەن كۆپتۈرگەندەك كۆرنەتتى ، ...مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلدىكەنسەن ،بولدى تىز قاچايلى......شۇنداق دىيىشمگە مۇردا مەخلۇققا تىزئۇلارنى ئۆلتۈرۋەت...دەپ بۇيرۇق قىلدى، بۇيوغان تولكە گوپ_گوپ قىلىپ يۈگۈرگىنچە قوغلاپ كەلدى،مۇردىمۇئۇچۋاتامدۇ،ياكى يۈگرەۋاتامدۇ ،ئىشقىلىپ كىيمى ئۇزۇن بولغاچقا قەدەم ئالغىنى كۆرگىلى بولمايتتى،تۈلكىنىڭ كەينىدىن ،ئارقىقۇ_ئارقا كەلمەكتە ئىدى،بەش مىنۇتلارچە ئۈڭكۈرنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈگۈردۇق،ئالدىمىزدا ئىككى ئۈڭكۈر كۆرۈندى،ئالدىدا قاچقانلار ئۇدۇل سول تەرەپتىكى ئۈككۈرگە قاراپ قاچتى ،جەملە مۇئەللىم ئۈڭكۈرئىغىزىغا كەلگەندە ،تاشقا پۇتلىشىپ دوملاپ ئوڭ تەرەپتىكى ئۈڭكۈر ئىغىزىغا يىقىلدى،دەرھال جەملە مۇئەللىمنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم ،جەملە مۇئەللىمنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ بولغىچە تۈلكە بىلەن مۇردا بىزگە يىقىنلىشىپ قالدى،جەملەمۇئەللىم بىلەن ئىككىمىز ئۇدۇللا ئوڭ تەرەپتىكى ئۈڭكۈر ئىچىگە قاراپ قاچتۇق،كەينىمىزدىن تۈلكە گوپ_گوپ

ماڭغىنچە بىزنىڭ كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلدى،قارغاندا ئىككى يولغا بولۇنۇپ قوغلىغان بولسا كېرەك مۇردا كۆرۈنمەيتتى ،ئالدىمىزغا بەش يۈزمېتىر ماڭدۇق ،بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك ،ئالدىمىز ئۆڭكۈرنىڭ ئاياقلاشقان نوقتىسى ئىدى، يېنىمدىن قوش بىسلىق پىچىقىمنى چىقىرىپ تۆلكەبىلەن ئېلىشتىم،بىراق بىرپەشۋاغىمۇ يارىمىدىم،بىرپەشۋا بىلەن نەچچەمېتىر يىراقلىققا يىقىلدىم ،مەن يىقىلغاندىن كېيىن جەمىلە مۇئەللىمگە ۋۇجۇم قىلدى،بىرقولى بىلەن جەمىلە مۇئەللىمنىڭ گىلدىن سىققىنىچە بوشلۇققا كۆتۈردى،جەمىلە مۇئەللىممۇ بوش كەلمەي يانچۇقىدىن بىرقۇتائەتىرنى ئېلىپ تۆلكىنىڭ كۆزىگە چاچتى،تۆلكە قاتتىق ھۆكۈرگىنىچەمۇشتى بىلەن جەمىلە مۇئەللىمنىڭ يۈركىنىڭ ئۇدۇلىغا بىرنى سىلىۋەتتى،جەمىلە مۇئەللىم تۆلكىنىڭ قولىدىن ئەسكى تاغار يەرگە چۈشكەندەك پوككىدە يەرگە چۈشتى،تۆلكە بولسا قاتتىق ھۆكىرەپ تاملاغا ئۆسمەكتە ئىدى،مەنمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ،پىچىغىمنى تۆلكىنىڭ يۈركىگە ئۇدۇللاپ سانجىدىم،بىراق يەرچىشلەتقاندەكئەمەس پىچاقنى تولغىۋەتتىم،تۆلكە قولنى قالايمىقان پۇلاڭلىتىپ مىنى يىراققا ئۇچۇرۇۋەتتى،يەردە دومىلانغىنىچە ھۆكۈرمەكتە ئىدى،ئاۋازى بارا_بارا پەسلەپ جىمىدى ،مۇنداقچە ئېتقاندا ئۆلگەن ئىدى، تىزدىن جەمىلە مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كەلدىم،جەمىلە مۇئەللىمنىڭ يۈركىگە يەل تۇرۇپ قالغان بولۇپ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ چىرايى قىززىرىپ كەتكەن ئىدى.

## 25 ـ باب: ئەرۋاھ خەنجىرى

جەمىلە مۇئەللىمنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ كۆكرىپ كەتتى ، تۇلكە جەملە مۇئەللىمنىڭ يۈركىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتكەچكە ،يۈركىگە يەل قاپلىشىپ قالغان ئىدى ،بۇنداق ئەھۋالدا بەش مىنۇتقىچە يۈركىدىكى قاپلىشىپ قالغان يەلنى چىقىرۋەتمىسە،ئەزرائىلغا جان تەسەددۇق قىلاتتى،بوۋام ئىلگىرى مۇشۇنداق ئىشقا يولۇققان بولۇپ قۇتقۇزۇش چارىسنى بىلمىگەچكە ،خىزمەتدىشىنىڭ ئۆلمىگە كۆزنى پاقىرتىپ قاراپ تۇرۇپتىكەن ، تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كىيىن تىبابەتتىن خەۋرى بار بىرسىدىن قانداق قۇتقۇزۇش چارىسنى سوراپ بىلىۋاپتىكەن ،شۇ ئىشلارنى ئىسىمگە ئالدىم،يۈركىگە يەل قاپلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ سول كۆكرىكىنىڭ ئاستىدىكى ئىككىنچى قوۋۇغىسىنىڭ ئوتتۇرسىنى تىشىپ قاپلىشىپ قالغان يەلنى چىقىردىكەن،بۇنداق بولمىغاندا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوقكەن، يىنىمدىن پىچىقىمنى چىقىرىپ توختاپ قالدىم،ئالدىمدىكى ئەركىشى ئەمەس بەلكى ئايال كىشى بولغىنى ئۈچۈن ،قانداق قىلىش كىرەك،جەملە مۇئەللىم تارقىتىپ بەرگەن قول سائىتىگە قاردىم،ئۈنىڭدىكى چىكىتلەر ھەركەتلىنىپ تۇرۇتتى،باشقىلاربىلەن ھازىرقى ئارلىقىمىز ئازدىگەندىمۇ 900مىتىردىن ئاشاتتى.

جەملە مۇئەللىمگە قاردىم،نەپەس ئىلىشى قىيىنلىشىپ چىرايى ئۆلۈك

ئادەمنىڭكىدەك كۆكرىپ كەتكەن ئىدى ،جەملە مۇئەللىمنىڭ كىيمنى ئۈستىگە قارىپ سول كۆكسىنىڭ ئاستىدىكى ئىككىنچى قوۋۇرغىسىنىڭ ئوتتۇرسىغا پىچاقنى ئاۋايلاپ سانجىدىم قاپقارا قان چىقىشى بىلەن جەملە مۇئەللىم ئىچىگە تارتقىنچە ،چۇڭقۇر نەپەس ئالدى ،كۆكرىپ كەتكەن چىرايمۇ بارا بارا ئەسلىگە كەلدى ، پىچاق سانجىغان يەرنى تىڭىپ قويۇپ ،جەملە مۇئەللىمنىڭ كىيمنى ئوڭشاپ قويۇپ ئۇنى چاقىردىم ، ـ جەملە مۇئەللىم ......جەملە مۇئەللىم......ھۇشىغا كىلدىغاندەك ئەمەس ،مۇزچىراي ......مۇزچىراي ......ئىنىكىگە يەڭگىل شاپاللىدىم ،ئاران ـ ئاران نەپەس ئىلىپ كۆزنى ئاچتى ،

ـ جەملە مۇئەللىم سىزگە ھىچ ئىش بولمىغاندۇ ......

ـ ھىچ گەپ يوق نەپسىم يىتىشمەيۋاتىدۇ......

ـ ماڭالامسىز ...

ـ ھەئە چاتاق يوق...

ـ ئۇلارنى ئىزدەيلى ،بەلكىم ئۇلارغا ھىچ ئىش بولمىغاندۇ... جەملە مۇئەللىم قولدىكى ئورۇن بەلگىلىگۈچ سائەتكە قاراپ قويدىدە ،جىددى قىياپەتتە...

ـ تىزراق ئۇلارنى تاپايلى...دىگىنچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمدا يۈرۈپ كەتتى ،مەنمۇ جەملە مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم ،بۇ ئۇڭكۇردىن چىقىپ ،يەنەبىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ ،قەدەملىرنى تىخمۇ تىزلىتىپ ماڭدى ،جەملە مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن

يۈگۈرۈپ دىگەندەك ئاران يېتىشىپ ماڭدىم،
ئالدى تەرەپتىن چىراقنىڭ لاپىلدىغان يورقى كۆرۈندى ،چىراقنىڭ يورقىنى كۆرۈپ جەملە مۇئەللىم ،يۈگۈرگىنچە مەندىن يىراقلاپ كەتتى،جەملە مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن يۈگرۈپمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قالدىم، چىراق يورقىغا يېقىنلاشقانسىرى پالتا قىلىچلارنىڭ بىر بىرگە سوقۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ،ئۇچقاندەك يۈگىرەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا ھازىر بولدۇم، چىققان ئاۋاز مۇردىنىڭ چاچلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ قولدىكى پىچاقنىڭ بىربىرگە تېگىشكەندىكى ئاۋازى ئىكەن......
چوكانچاق بولسا يەردە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى ،باشقىلارمۇ تاياق بولىشىغا يىدىمۇ قانداق ،يەردە ئۇيەر بۇيەرلىرنى تۇتقىنچە ئىنجىقلاپ ياتاتتى، پەقەت نۇربىيەلا (ھىلىقى قىلىچۋازلىق بىلەن ئاياللارنىڭ ئەركىن بوكۇسقا قىزىقىدىغان قىز يادىڭىزدا باردۇ ...ئاپتۇردىن)ئۇزۇن قىلىچنى كۆتۈرۈپ مۇردا بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىدى،ھەممىسىنىڭ قولدىكى چىراقلار يەردە ياندۇرۇقلۇق بولغاچقا ئۇڭكۈر ئىچىنى كۈندۈزدەك يورتىۋەتكەن ئىدى، كىلىپ تامغا بىر قولۇمنى تىرەپ تۇرۇپ ...
ـ ھەي ـ ھەي بۇرادەر...... مۇردا كەينىگە قاراپ مەن تەرەپكە سۈرۈلدى ،چىچىمنى قولۇم بىلەن يانغا تاراپ قويۇپ ......كىچىككىنە قىزنى بوزەك قىلىشتىن خىجىل بولساڭ بولمامدۇ......
ـ ھا ھا ھا ماڭا تەنبىھ بىرۋاتامسەن ...ھا...ھا...ھا...بوزەك

قىلمەن قانداق ،نىمە قىلالايتتىنك........
نۇربىيەگە ئىشارەت قىلىپ قويدۇم...
ـ سىنى مەن بىرنىمە قىلمايمەن،سىنى ئۇ نىمە قىلسا قىلىدۇ ...ھى...ھى......مۇردىغا كەينى تەرەپنى ئىشارەت قىلدىم،مۇردا كەينىگە قارشى بىلەن نۇربىيەنىڭ ئاتقان خەنجىرى ئۇنىڭ بىشىنىڭ قاپ ئوتتۇرسىغا تەگدىدە يەرگە يىقىلدى ،يەڭگىل قەدەملىرىم بىلەن مۇردىنىڭ قىشىغا كەلدىم ،مەيدىسگە دەسسەپ تۇرۇپ ،
ـ مانا بۇنى بۇياقتىن شەپەبىرىپ ~ئۇياقتىن ۋۇجۇم قىلىش دەيمىز ......مۇردا خاخراپ تۇرۇپ ...
ـ ھەممىڭ مەككۇم،ھەممىڭ ئۆلۈمگە ئۆلىسەن......دىدى......مۇردىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىشىدىكى قىلىچنى سوغرۇپ ،بوينىنى ئۈزىۋەتتىم......مانا بۇنى ئەسكىگە ياخشى ئۆلۈم يوق دەيمىز ......دىگىنىمچە كۈلۈپ قويدىم.

جەملە مۇئەللىم چوقانچاقنىڭ يارىسنى تەكشۇرۋاتقان ئىدى، چوكانچاقنىڭ يىنىغا كەلدىم، قوسۇغى ئازراق يارلانغان بولۇپ،دىگىدەك ئىغىر ئەمەس ئىدى ،تۇرە ئورنۇڭدىن مۇشۇنچىلىك يارغىمۇ يىتىۋالامسەن،چوكانچاقنىڭ يۈزىگە شاپاللىدىم،ھىچ كۆزىنى ئاچىدىغاندەك ئەمەس،شۇنىڭ بىلەن يارا ئىغىزىنى مىجىشىم بىلەن

ۋايجان دىگىنچە ھۇشىغا كەلدىدە قۇرسىغىنى ئەمەس بىشىنى تۇتۇپ ،،،،

ـ ئەجەپ ئاغرىپ كەتتى ...دىدى

ـ قورسۇغۇڭ يارلانساڭ بىشىڭ ئاغرىۋاتامدا ؟...سۇئال نەزىردە چوكانچاققا قاردىم ،

ـ شۇ بىشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى،نىمىدۇ بىشىمغا تەككەن...يىرگە قاردى ،يەردە كىچىككىنە بىر تاش تۇرتتى،

ـ قارا بىشىمغامۇشۇ تاش تىگىپتۇ...تاشنى ئىلىپ ماڭا كۆرسەتمەكچى بولۇپ تاشقا قۇلنى ئۇزاتتى،

ـ يەرگە چاپلىشىپ قالدىمۇ نىمە ؟...دىگىنچە تاشنى كۈچەپ تارتتى.

ـ توختا ...قاتتىق ۋارقىردىم،لىكىن كىچىككەن ئىدىم ،يان تەرەپتىن تاشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ،ھەممەيلەن يەردىن چىراقلارنى ئىلىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە تۇتتۇق، تاشلارنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىدىن ئۆڭكۈرنىڭ تىمى يىرلىدى ،چوكانچاق ئورنىدىن سەككىرەپ تۇرۇپ ،

ـ يەنە قانداق پىشكەنلىككە ئۇچرامىز ئەمدى...دىدى ...نەچچە مىنۇتتىن كيىن ئاۋازمۇ پەسەيدى ،ئاستا قەدەملىرىم بىلەن يىرىغان تامنىڭ ئىچىگە قاردىم،بۇدەل بىز ئىزدەۋاتقان سىرلىق ئىدى،ئىچىدە خەنجەر تاشقا سانجىلغان ھالەتتە تۇراتتى،

ـ تىز قاراڭلار ئەرۋاھ خەنجىرى...ھاياجىنىمنى باسالماي ۋارقىراپ سالدىم ......

## هالاكەت ئارخىپى

بۇئۆيىنىڭ ئىچى خىلى كەڭرى بولۇپ،يېرىمۇ يەردەك كىلەتتى،چىراقنى تۇتۇپ تۇرغان جايىمدا تۇرۇپ قالدىم،ئۆي ئىچىدە ئون نەچچە ئادەمنىڭ چىرىپ كەتكەن جەسىدى تۇراتتى، جەسەتلەر ئاللاقاچان چىرىپ ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ كەتكەن كەتكەن بولۇپ قەسلەپ ئولتۇرۇلگەندەك ئىدى، .مىنىڭ بۇقارشىمنىڭ ئاساسى بار ئەلۋەتتە،چۈنكى ئورنىتىلغان مەخپىي قۇرۇلمىغا ئۇچۇرسا ئوقيا،تاش،ئوت،قىسلىما تام،دىگەندەك نەرسىلەر ،جەسەتتىنىڭ بەدىنىدە يەر يۈزىدە قالدۇ،لىكىن بۇجايىدا بىرەتال تاش،ياكى بىرەتال ئوقيامۇ كۆرۈنمەتتى،ئۆتتا كۆيدىمىكى دىسە كىيىملىرى كۆنىراپ تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ كۆيگەندەك قىلمايتتى،ئاستا ئۇجەسەتلەرنىڭ يىنىغا باردىم،باشقىلار بولسا يەنە مەخپىي قۇرۇلمىنى قوزغىتىپ قويىشتىن ئەنسىردىمۇ قانداق تۇرغان جايىدا مىتمۇ قىلماي تۇراتتى،جەسەتلەرنى كۈزىتىشكە باشلىدىم،كۆكرىكى قىسمىغا خەنجەر ئۇرولغان بولسا كىرەك،ئىككى قوۋغىسى سۇنۇق ئىدى،كاللامدا ئەرۋاھ خەنجىرى ،تىزلا ئەكس ئەتتى،تىزلا خەنجەرنىڭ يىنىغا باردىم،بۇيەردە پەقەت بىرلام خەنجەر بار ئىدى،خەنجەر تاشقا سانجىپ قويۇلغان بولۇپ،خەنجەرنىڭ يىنىدا يەنە بىرتاش بولۇپ ،خەنجەر سانجىپ قويغان تاش بىلەن ئوخشاش ئىدى،بىراق ئۇتاشتا خەنجەر يوق ئىدى،دىمەك بۇتاشتىكى خەنجەرنى بىرسى ئىلىپ كەتكەن ئىدى ، ئۇزادى كىمدۇ. شۇخىياللارئىلكىدە تۇيۇسىز يەردە

دۆم ياتقان جەسەتنىڭ بارماقلىرى ئۆچىدىكى قان بىلەن يېزىلغان خەتكە كۆزۈم چۈشتى،خەتنىڭ مەزمۇنى <<بىز بۇيەرگە بايلىق ئۈچۈن يەنى باي بولۇش ئۈچۈن كەلگەن لېكىن (تەۋەككۇلچى بىلال نىيازنىڭ)بىر خەنجەر ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئۆلتۈرشنى ئويلاپ باقماپتىمەن ،تەۋەككۇلچى بىلال نىياز بىز ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ قايدىسىنى بۇزدى،كەسپداشلار تەۋەككۇلچى بىلال نىيازدىن ھەزەر ئەيلىسۇن >>بۇخەتلەرنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم ،تەۋەككۇلچى بىلال نىياز دەل مىنىڭ دادام تەۋەككۇلچى دادامنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ ھەرقانداق خىيىم ـ خەتەر ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان باتۇر كىشى ئىدى ،بۇئىغىربىسىق ،سالماق ،ئاقكۆڭۈل بۇكىشىنىڭ قانداق بولۇپ بىرخەنجەرنى دەپ شۇنچىۋالا ئادەمنى ئۆلتۈر گىنىگە ئىشەنگىم كەلمەدى،لېكىن رىئانلىق ئالدىدا ئىشەنمەي ئامال قانچە دادام ئىسمىدە قىلىشچە ئالتەياش چېغىمدا دادام ئىزدىرەكسىز غايىپ بولغان ئەجىبا دادام مۇشۇيەردە جان بەرگەنمىدۇ؟خىيالىم مۇشۇيەرگەكەلگەندە تەسۋىرلىگۈسىز بىرئاغرىق يۈركۈمنى مۇجۇپ كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم ،كۆزئالدىمغا تورتارتىپ قويغاندەك ئىنتايىن گۇنۇس ھىچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمىدىم،كۆزئالدىم بىر قارسايە ماڭا قاراپ تۇرماقتا،مانا ماڭا يىنىقىنلاشتى ،بۇقارگەۋدە ماڭا ئىنتايىن تۇنۇش لېكىن پەقەت ئىسمىگە ئالالمىدىم،بارا ـ بارا يىقىنلىشىپ ماڭا ئىغىز ئاچتى ،

ـ غەيرەت قىل ئوغلۇم ھەرگىز ياش توكمە، بۇگەپتىن بۇقارگەۋدىدىنىڭ دادام ئىكەنلىكىنى ھس قىلدىم ،دادا دەپ چاقىراي دىدىمىيۇ لىكىن گىلىمنى بىرسى بوغىۋالغاندەك ئاۋازىمنى چىقىرالمىدىم، ـ سەن چوقۇم قىلالايسەن ـ ـ ـ ـ دادا ـ ا ـ ا ـ ـ ـ باركۈچۈم بىلەن توۋلىدىم، بىراق ئاۋازىمنى پەقەت چىقىرالمىدىم،دادام باغانسى يىراقلاشتى ، ـ ـ ـ ـ ـ دادا قاتتىق توۋلىغىنىمچە قارسايىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم..........

## 26 ـ باب:مۇردىلار

قۇلاق تۈۋىمدە قۇشقىراقنىڭ تىرىكشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى ،كۆزۈمنى ئاچايدەيمۇ پەقەت ئاچالمىدىم ،يەنە نىمىدۇ بىرنەرسىلەرنىڭ قاتتىق ھۆكۈرگەن ئاۋازى ئاڭلانماقتا ،قۇشقىراق يەنىمۇ قاتتىق جىرىڭلىدى،كۆزۈمنى تەستەئىچىپ ئەتراپىمغا قاردىم ،يۈزلىرى چىرىپ كەتكەن ،قولىرى ئىسكىلىتتا ئايلىنىپ كەتكەن ،مۇردىلار قۇلقنى تۇتقىنىچە ھۆكۈرمەكتە ئىدى،چوكانچاق ھەددەپ قوشقىراقنى چالماقتا ئىدى،باشقىلار بولسا مۇردىلارنى چانىماقتا ئىدى،كىچىك جادىگەر بولسا قولدا ھاسا بىلەن مۇردىلارنى ئۇياق بۇياققا ئۇچۇرتماقتا ئىدى،بۇكۆرنۇش خۇددى خوبىتلارئۇرشى فىلىمدىكى پىرخونلارغا ئوخشاتتى، ـ ـ باتورھۇشۇڭغا كەلدىڭما؟

__كەينى تەرىپىمدىن ساتتارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. . . . -نىمگە قاراپ تۇرسىلە تېزدىن ياردەم قىلمامسىلەر؟__چوكانچاقنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ئورنىمدىن دەس تۇرۇپ ئەرۋاھ خەنجىرنى تاشتىن سۇغاردىم ،خەنجەرنى تاشتىن سۇغۇرشۇم بىلەن كۆچلۈك نۇرچاقناپ كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم، بىردەمدىن كېيىن نۇر ئۆچتى ،دەرھال خەنجەربىلەن مۇردىلارنى چاپتىم،تىرلىپ قالغان جەسەتلەرگە خەنجەر تېگىشى بىلەن كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى ،شۇتەرىقىدە يېرىم سائەت ئۇرۇشقاندىن كېيىن غەلبىنى قولغا كەلتۈردۇق،لېكىن بۇ غەلبە خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى،قار ئۇزۇن تونغا ئورانغان چىرايىنىڭ يېرمى چىرىپ كەتكەن قولدا ھاسا تۇتقۇالغان بىز ئۇچۇرتۇشنى ئارزۇ قىلمىغان پىرخون مۇردا ئوتتۇرغا چىقان ئىدى،شۇۋاقتتىلا ئۆزۈمنىڭ خىلى ۋاقىت ھۇسسىز ياتقانلىقىم يادىمدىن كەچتى،دەرھال سائەتكە قاردىم 00:00دەل ئاي تولغان ۋاقىت بوپتۇ ، - -ھى ھا ھى ھا __ پىرخون مۇردا قاتتىق قاقاقلاپ كۆلمەكتە ئىدى، - -سەنلەرنىڭ روھىڭنى يەۋتىمەن ،ھى ھى ھى ھا ھا ھا ،پىرخون مۇردا قاقاقلاپ كۆلمەكتە . -مانا بۇنى يە ئەبلەخ . . . . .چوكانچاق قولدىكى قوڭغۇراقنى پىرخون مۇرردىغا قارتىپ ئاتتى ،چوكانچاق ئاتقان قوڭغۇراق پىرخون مۇردىنىڭ ئالدىغا بارا باماستا،پىرخون مۇردىنىڭ قولدىكى ھاسدىن چاقماق نۇردەك نۇر چاقناپ قوڭغۇراقنى تالقان قىلىۋەتتى،قولۇمدىكى ئەرۋاھ خەنجىرنى كۆتۈرۈپ جەڭگە ئاتلاندىم ،ئەرۋاھ خەنجىرى بىلەن پىرخون

مۇردىنىڭ قولدىكى ھاسا ئۇچراشقاندا غايەت زور بىر كۈچ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغاندەك قاتتىق ئاۋاز چىقاتتى،پىرخون مۇردا بىلەن مىنىڭ ئۇرۇشقان ھالىتىم بەئەينى فانتازىلىك فىلىملاردىكى كۆرنۈشلىرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى ، شۇنچە كۈچەپمۇ پىرخۇنغا كۈچۈم يەتمەيۋاتتى ، ئەلۋەتتە كىچىك جادىگەرمۇ جەڭگە ئاتلانغان ئىدى....

## 27 ـ باب:پىرخون موردا

كىچىك جادىگەربىلەن ئىككەيلەن شۇنچە كۈچەپمۇ پىرخۇنغا تەڭ كىلەلمىدۇق، بىرچەتتە قاراپ تۇرغان ئەزمەت نۇر كىچىك جادىگەرنىڭ مۆرسىگە قولنى قويدى ،كىچىك جادىگەر ئەزمەت نۇرغاكۆلۈمسىرەپ قويۇپ ،قولدىكى ھاسسىدىن تىخىمۇ كۈچلۈك نۇرچىقاردى،نۇرقولنى قويشى بىلەن كىچىك جادىگەرنىڭ كۈچى نەچچە ھەسسە ئىشىپ پىرخوننى ئىسكەنجىگە ئالدى ،مەنمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئەرۋاھ خەنجىرنى پىرخون مۇردىنىڭ پىشانىسىنىڭ قاق ئوتتۇرغا بار كۈچۈم بىلەن سانجىدىم،پىرخون قاتتىق ھۆكىرەپ كۆلگە ئايلىنىپ توزۇپ كەتتى.

بىز ئەنسىرگەن خەتەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى ،كىچىك جادىگەر بەك ھالسىزلىنىپ كەتكەن بولسا كىرەك نۇر ئۇنى يۆلىۋالغان ئىدى،

ئىنسان ھاياتى مانا مۇشۇنداق بەزىدە تەۋەككۇلچىلىك روھى ئادەمنى ئۆزى ئويلاپ باقمىغان خەتەرگە سۆرەپ كىرىدۇ.

جان تالىشىپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمىزنىڭ بىز ئىشەنگەن دوسلىرىمىزنىڭ ئارقىمىزدىن پالتا چېپىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاپ بولمىسا كېرەك ،بىلىپ بىلمەي تۇيۇق يولغا كىردۇقمۇ ئالدىمىزدىن يول ئىزدەپ تاپقان بىلەن بەلكىم بۇيۇل چۇڭقۇر ھاڭ بولىشى مۇمكىن قەدەمنى ئاۋايلاپ ئالمىساق چۇڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كىتىشىمىز مۇمكىن.....

قولۇمدىكى ئەرۋاھ خەنجىرگە قارىغىنىمچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇ ،راس گەپنى قىلسام بەكلام چارچاپ كەتكەن ئىدىم،تاغامنىڭ كىچىگىمدە باشقىلارنى يىقىلتىشتىن ئاۋال ئۇنىڭ كۆچىنى خورتۇپ ئۆزۈڭنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قال ئاندىن رەقىبىڭنى يىقىت دىگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىماقتا ئىدى،ئۆزۈم يىقىلغىنىم بىلەن رەقىبىمنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلغان ئىدىم.......

پاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن يەكچەشمە ئۇنىڭ ئوغلى يەنە ئىككى چەتئەللىك كىشى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى ،يەكچەشمە بولسا قولىداكىچىك تىپتىكى تاپانچا تۇتقان ،ئوغلى بىر ئاپتۇمات،بىر چەتئەللىك مەرگە ملتىق تۇتقان،يەنە بىرسى ak65تىپلىق پىلمۇت تۇتۇۋالغان ئىدى،

ـ ـ ھا ھا ھا ......ياخشىمۇسەن زۇلمەت شاھزادىسى بىز يەنە كۆرۈشتۇق ...

ـ سەن زادى كىم ؟ سوئال نەزىردە يەكچەشمىگە قاردىم....

ـ ـ بۇنەرسىنىڭمۇ ئەمدى كىركى قالمىدى!..!...شۇنداق دىگىنچە يۈزتىرىسىنى يۇلۇپ ئالدى ....

ـ ـ ئا....ئا........ئا........قىزلار قورۇققىنىدىن توۋلىۋەتتى.....ئۇنىڭ يۇلۇپ ئالغىنى ئەسلى نىقاپ ئىكەن...

ـ ـ سەن زادى نىمە ئادەم؟سوردى جەملە مۇئەللىم ...

ـ ـ ھا ....ھا.....بولدى جىددىيلەشمە بۇپەقەت ئۆزۈمنى يوشۇرۇشتىكى بىرتاكتىكا خالاس.....بىز سودىلاشقان مەن ئەرۋاھ خەنجىرنى سەن بايلىقلارنى ئالدىغان بولغان بۇدىگەن بىر سودا....

ـ ـ شۇنداق بۇ بىر سودا لىكىن مەن بايلىقنى كۆرگەندىن كيىن ئاندىن خەنجەرنى ساڭا بىرمەن دىگەن،،،

ـ ـ ئوغلۇم ھى .... يەكچەشمە ئوغلىغا كۆز ئىشارىسى قىلدى ،يەكچەشمىنىڭ ئوغلى ئەرۋاھ خەنجىرى سانجىلغان تاشنى ئوڭغا ئۈچ ئايلاندۇردى،يەنەبىر تاشنى سولغا ئۈچ ئايلاندۇردى،تاشلارنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىدىن كيىن ئالدىمىدىكى تۆت مىتىركىلدىغان تام ئۆستىگە كۆتۈرلۈپ ئىچىدىكى نۇرغۇن بايلىق ئالتۇن كۆمۈش،خىرۇستال،جاۋاھىراتلار ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى......

## 28 ـ باب:ئەسلىمە

ئالتۇن ـ كۇمۇش،خرىستال جاۋاھىراتلار ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ جۇلالىنىپ تۇراتتى،بۇنداق كۆپ بايلىقنى تۇنجى قىتىم كۆرشىم ئىدى، لىكىن ئەزەلدىن بايلىققا ئۆزۈمنى ئۇرمايتتىم، كەيىپ ساپاغا بىرىلمەتتىم، قىمار ئويناش،قىزلانى قوغلۇشۇش ،دىگەندەك ئىشلارنى ئەسلا قىلمايتتىم،تەۋەككۇلچىلىك مىنىڭ ھاياتىمنىڭ بىرقىسمى ئىدى،بەلكىم بۇ دادام بوۋاملاردىن قالغان ئىرسيەت بولسا كىرەك،

ـ ھا ھا......ھا......ئەمدىغۇ ئەرۋاھ خەنجىرنى ئالسام بولىدىغاندۇ ؟ يەكچەشمە قاقاقلاپ كۇلگىنىچە قۇرالنى كۆترۈپ جەملە مۇئەللىمگە تەڭلىدى،

ـ بولىدۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ......لىكىن مەن باشقىلارنىڭ ماڭا بىسىم ئىشلىتىشنى ئەڭ ئۆچ كۆرىمەن !.........قۇرالنى يەگە قوي بومىسا ھەممەيلەن تەڭ تۈگۈشىمىز .............جەملە مۇئەللىم يىنىدىن بىردانە قول بومبىسنى چىقىرىپ پىلتىسنى تارتماق بولۇپ يەكچەشمگە قوقاق سالدى........

ـ يامانكەنسەن قۇرالنى قويۇڭلار ........يەكچەشمە قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلغاچ قۇرالنى يەرگە قويدى،........

...ـ قۇرالنى بوياققا تەپ ......... يەكچەشمە قۇراللارنى جەملە مۇئەللىمگە تىپىپ بەردى......جەملە مۇئەللىم كۆزئىشارىسى

قىلىۋىدى ،زۇلپىيە يەنە ئۆلۈپ كەتكەن ساۋادىشىم ئادىل يەنە يارلانغا ئىككى قىز ساۋاقدىشىم نەدىن پەيدا بولدىكىن تاڭ يەردىكى قۇراللارنى ئېلىپ يەكچەشمگە تەڭلىدى.......

جەملە مۇئەللىم مىنىڭ ئالدىمغا كېلىپ توختىدى،

ـ خەنجەرنى ماڭا بىرىڭ ؟..........زۇلپىيەنىڭ جەملە مۇئەللىم بىلەن بىر بوپ مىنىڭدىن پايدىلانغىنىغا قەۋەت ئاچچىغىم كەلدى ........يەنە ماۋۇ بىرقانچىسىنىڭ يالغاندىن ئويۇن قويۇپ مىنى ئالداشلىرى چۇ تېخى.......

ـ بىلەمسىز جەملە مۇئەللىم باشقىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يىنى چىڭدايدىغان كىشىلەرنى مەن بەك ئۆچ كۆرمەن ،بۇنداق كىشلەر مىنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ يىرگىنىشلىك كىشلەردۇ .......شۇنداق دىگىنىمچە خەنجەرنى جەملە مۇئەللىمنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتتىم.........زۇلپىسە قاتارلىق نەچچەيلەن جەملە ئاچا دىگىنچە جەملە مۇئەللىمنىڭ يىنىغا يۈگۈردى. ....

يەكچەشمە قاتارلىقلار خەنجەرنى تاتىۋىلىش ئۈچۈن يىنىدىن پىچاق ،توك كالتىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا يۈگرەپ كەلدى،هازىرقى بۇ تۇرقۇم بىلەن هەرگىزمۇ يەكچەشمە قاتارلىق بۇ تۆتەيلەنگە رەقىپ بولالمايتتىم ، يەكچەشمە پىچىقنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى،قالغان ئۈچىمۇ مەن تەرەپكە يۈپۈرلۈپ كەلدى،هاياتىم قاش بىلەن كىرپىك

ئارلىقىدا قالدى،قۇلاق تۈۋىمدىن ۋىڭىدە خەنجەر ئۇچۇپ ئۆتۈپ توك كالتىكى كۆتۈرۈۋالغان ئەجنەبىنىڭ يۈركىگە سانجىلدى،كەينىمگە قاردىم خەنجەر ئاتقان باشقا بىرسى بولماستىن نۇربىيە ئىدى، يەنە بىر ئەجنەبى توك كالتىكنى ماڭا ياقماقچى بولىۋىدى،چوكانچاق توسىۋالدى،توك كالتىكى چوكانچاققا تېگىشى بىلەن توك تۇتىۋالغان ئادەمدەك تىترەپ بىشىدىن ئىس تۈتەك چىقىپ كەتتى، ساتتار پالتىنى ئېتىپ ئۇنىڭ دومبىسىنى چانىۋەتتى،نۇربىيە يۈگرۈپ كەلگىنچە يەكچەشمىنىڭ ئوغلى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى،بۇشۇم كىچىك بولغىنى بىلەن ھەقىقەتەن يامان نىمكەن ،مەن يەكچەشمە بىلەن خىلى بىر مەھەل تىركەشكەندىن كىيىن ئۇنى يىقىتتىم خەنجەرنى كۆكرىكىگەسانجىماق بولۇپ كۆكرىكىگە ئاز قالغاندا ئۇنىڭ بوينىغا چىكىۋالغان يۇملاق چىشلىق چاقتەك نەرسىنى كۆرۈپ 15يىل ئالدىدىكى ئىشلار سىن ئالغۇ لىنتىستەك كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى، مۇردىلار ،مىڭىۋاتقان ئىسكىلىت،باشى يوق ئادەملەر ،موميابولۇپ كەتكەن كىشلەر ،بۇلار بىلەن ئۇرشىۋاتقان ئادەملەر جۈملىدىن مىنىڭ دادام،يەنە بۇبوينىغاچەكتۈرۈۋالغان يەكچەشمە يەنە نۇرغۇن كىشلەر خەنجەر،نەيزەيلەرنى كۆترۇپ مۇميا ،باشى يوق ئادەملەر،ئىسكىلىتلار بىلەن ئۇرۇقشماقتا ئىدى ،بىشىبار ئاخىرى يوق بۇ كۆرنۈشلەرنى كۆرۈپ بىشىم چىڭ قىلىپ ئاغرىپ پارتىلاپ كەتكىدەك بولۇپ كەتتى، ئاغرىققا پ توۋلىۋەتتىم،مەن

كۆرگەن بۇ كۆرنىشلەر يەنى مىنىڭ ئەسلىملىم قالايمىقان بولۇپ كەتتى،بۇدەل دادامنىڭ ئىزدىرەكسىز يوقاپ كەتكەن ۋاقتى بولسا كىرەك،بەلكىم كاللامغا بۇئىشلار بەك تەسىرقىلغان بولسا كىرەك ،

ـ ئۇكۇنى سەنمۇ بارمىدىڭ ،دادامغا زادى نىمە ئىش بولدى؟ ............يەكچەشمگە سۇئال نەزىردە قاردىم....

ـ ها.....ها......ها.....داداڭ سىنى تاشلىۋەتكەن سىنى بۇيەرگە داداڭ قۇربانلىق قىلىش ئۇچۇن يەنى ئەرۋاھ خەنجىرگە ئىرشىش ئۇچۇن ئىلىپ كەلگەن ، جىننىڭ ھەقىقەتەن چىلىڭ نىمكەن يەنە ھايات قاپسەن.......يەكچەشمىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئەسلىملىرىم قالايمىقانلىشىپ 15يىل ئاۋالقى كۆرنىش كۆزئالدىمغا كىلىپ بىشىپ يىرلىپ كەتكىدەك ئاغرىپ كەتتى،

ـ ئاغزىڭنى يۇم ئەبلەخ ساڭا نەلەت بوسۇن بىرىپ ئۆل ئۆل ............بىشىم پارتىلاپ كەتكىدەك بولۇپ كەتتى،يەكچەشمە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قىچىپ ئۇلگىردى.

ـ باتۇر ساڭا زادى نىمە بولدى،ئۇ ئەبلەخنى قاچۇرۇۋەتتىڭ،ئەمدى بىشىمىزغا بالا بولىدۇ ،........ساتتار ھارماي سۆزلەۋاتاتتى،لىكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلۇقىمغا كىرىپ چىقمايتتى، بىشىم قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئىدى،ئاغرىققا چىدىماي تۇۋلىۋەتتىم.......................ئا ـ ـ ـ ـ ـ

ـ ـ ئا ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ئا ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ......كۆزئالدىم قاراڭغۇلشىپ يەرگە يىقىلدىم...........

]كۆئالدىم قاراڭغۇلشىپ 13يىل ئاۋالقى كۆرنۇشلەر كۆرنىشكە باشلىدى ،بوينغا چىشلىق چاقتەك نەرسە چەكتۈر ۋالغان ئادەم دادامنى ئىزدەپ كەلدى ،دادام بىلەن يالغۇز پاراڭلاشقاچ ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشكىنى بىلمىدىم ،نەچچە كۈنگەقالماي دادام منى ئەمدىلا 5ياشقا كىرگەن سىڭلىم سەفيەنى ئىلىپ ھىلىقى ئادەم بىلەن كورۇشتى ،يەنە 7ئادەم بۇ سەپكە قتىلدى ،بىز ھازىر كىرگەن خارابىلىككە كىرگەن ئىدۇق،مەن بۇلارنى پەقەت بايلىق ئۈچۈن بۇ يەرگەكەلدى دەپ ئويلىغان ئىدىم ،لىكىن كاللام ئۈتمەيدىغىنى دادامنىڭ سىڭلىمنى ھەم منى بۇقاغىشتەككۈر جايغا ئىلىپ كىلىشى ئىدى.

سىڭلىمنىڭ قولنى چىڭ تۇتۇپ دادامنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن ـ تۈنسىز ئەگەشمەكتە ئىدىم ،نەدىمۇ بۇنداق ئاسان بايلىققا ئىرشىدىغان ئىش بولسۇن بوۋامنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ۋەھىمىلىك كەچمىشلىرى ئەمدىلىكتە منىڭ بىشىمغا كەلگەن ئىدى.

تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىسكىلىتلار بىزگە ئىتلىپ كەلمەكتە ئىدى ،بۇ بىرقانچە كىشلەر خۇدىدى كىنولاردەك گاز ملتىقى بىلەن بۇ ئىسكىلىتلارنى ئىتىپ ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ،مەن بولسام سىڭلىم بىلەن بۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدا ماڭماقتا ئىدىم ،ئىسكىلىتلار مۇھاسىرسىنى بوسۇپ ئوتۇپ ئالغا ئىلگىرلىدۇق،ئەمدى ئالدىمىزغا

تىرىك جەسەتلەر يەنى مۇردىلار پەيدا بولدى،بۇ مۇردىلارنى يىگىش ئىسكىلىتلار يەڭگەندەك ئاسانغا چۈشمىدى ،لېكىن بۇ قەھىرمانلار ئۈچۈن بۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى،دادام ئالدىدا مېگىپ مەخپى قۇرۇلمىلار ئىچىپ ماڭماقتا ، ئاخىرى كۆزلىگەن نىشانغا يىتىپ كەلدۇق .

ئىچى تەرەپ خىلى چوڭ ئۆي بولۇپ ئىچىدە ئۇپمۇ ـ ئوخشاش ئىككى تاش باربولۇپ بۇتاشقا ئوخشاش ئىككى خەنجەر سانجىقلىق ئىدى،دادام مەن بىلەن سىڭلىمنى چاقىردى ؛ دادام سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ قولنى ئازراق كىسىپ قان چىقىرىپ ئىككى خەنجەرگەتېمىتتى،سىڭلىمنى خەنجىرنى ئېلىشقا بۇيرىدى،سىڭلىم خەنجەرنى ئېلىشى بىلەن كۈچلۈك نۇر چىقىرىپ كۆزىمىزنى ئاچالماي قالدۇق ،شۇۋاقىتتا بىرسىنىڭ مىنى تۇتىۋالغانلىقىنى ھىس قىلدىم ،كۈچلۈك نۇر بىردەم دىنكىيىن ئوچتى مىنى تۇتىۋالغىنى دەل بويىنغا چىشلىق چاق چىكىۋالغان ئادەم ئىدى.....

ـ بىلال خەنجەرنى ماڭا بەر بولمىسا ئوغلۇڭنى جەھەننەمگە ئۇزىتۇپ قويىمەن...

ـ ئۈنداق قىلما گەپ بولسا چىرايلىق دىشەيلى..

ـ ماڭا پەقەت خەنجەر كىرەك ،خەنجەرنى ماڭا بەرداۋاتىمەن ...

ـ مانا ئاله ....دادام شۇنداق دەپ خەنجەرنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى ،خەنجەر ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىلدى،دادام يۈگرەپ بىرىپ خەنجەرنى

**ئالدىدە ئۈنى تىپىپ يىراققا ئۇچۇرۇۋەتتى ،ئۈنىڭ بىلەن بىلە كەلگەن ئادەملەر دادام بىلەن قاتتىق تۇتۇشۇپ كەتتى،دادام نەچچىسنى خەنجەربىلەن يەرچىشىلەتتى ،گوم قىلغان ئاۋاز بىلەن مڭەمدىن كىرگەن ئاغرىق تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى ،يەرگە يىقىلدىم سڭلىم يىنىمغا كىلىپ توختىماي ئاكا دەپ توۋلىماقتا ئىدى،دادام باتۇر دەپ توۋلىغىنىچە ئۇ ئەبلەخلەرنى چىپىپ تاشلىۋەتتى ،كۆزىگە خەنجەر يىگەن ئەبلەخ قىچىپ كەتتى ،دادام بىشىمغا كىلىپ باتۇر كۆزۈڭنى ئاچ دەپ توۋلىماقتا ئىدى،مۇشۇ ۋاقىتتا قوش باشلىق ئەيجدىرھا يىلان كۈچلۈك نۇر ئارسىدىن پەيدا بولدىدە دادام بىلەن سڭلىمنى سۈمرۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى،دادا سۆفيە دەپ قاتتىق توۋلىغىنىمچە ئورنۇمدىن تۇردۇم ......**

**ـ باتۇر ساڭا نىمە بولدى ....سۇۋال سوراۋاتقىنى ساتتار ئىدى....**

**ـ ھىچنىمە تىزدىن يەكچەشمىنى تاپايلى ....**

## 29 ـ باب:قەلب يارىسى

تىز بول يەكچەشمنى تاپايلى....پەقەت كاللامدا قىساس ئىلىشلا بارئىدى ،باشقا ئىشلار كاللامدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ـ باتۇر ئېھتىيات قىلىڭ ...!

نۇربىيەنىڭ تۈۋلىشىدىن ئارقامغا قاردىم ،زۇلپىيە ناھايتى چاققانلىق بىلەن كۆرۈكىمگەخەنجەرنى سانجىماق بولۇۋىدى،نۇربىيە خەنجەرنى توسماق بولۇپ ئالدىمغا كەلدى، مەن چاققانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ چۆرگىلىدىم ،زۇلپىيەنىڭ سانجىغان خەنجىرى دۈمبەمدىن كىرىپ كۆرىكىمنى تىشىپ چىقتى.....

ـ ي.......ا.........ق............باتۇر ........نۇربە يەنىڭ قاتتىق ۋارقىرشى ،ھەسەن ،ساتتار،ئەزمەت نۇر، كىچىك جادىگەرنىڭ يۈگرەپ كەلگىنى،كۆردۈم قاتتى ئاغرىق منى ئىسكەنجىسكە ئىلىپ يىقتتى ......يىقىلغاچ كۆزۈم جەملە مۇئەللىمگە چۈشۈپ قالدى،جەملە مۇئەللىمنىڭ يارا ئىغىزى بەك ئاغرۋاتامدۇ قانداق ،ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدىم،جەملە مۇئەللىمنىڭ يىنىدا قاراپ تۇرغان ئايىنۇرە بولسا ئىغزىنى ئاچقىنچە ھاڭۋىقىپ قالغان ئىدى.....غەزەپ بىلەن زۇلپىيەگە قاردىم ،شۇتاپتا يارائىغزى ئەمەس بەلكى يۈركىم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن ئىدى،چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق مىگەمگە چىقىپ كەتتى ،كۆزلىرىم بارا ـ بارا يومۇلۇشقا باشلىدى.......

ناھايتى راھەت ئۇخلاپتىمەن ئورنىمدىن تۇسام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار خوددى چۈشتەك ،ھىچبىر يىرىم ئاغرىغاندەك ئەمەس ،يەنەبىردەم ئۇخلىۋالايچۇ دەپ كۆزلىرىمنى يۇمۇپ تۇرسام بىرقانچە كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرى قۇلقۇمغا كىرىپ قالدى ...

ـ دوختۇر ئۇقاچان ھۇشىغا كىلەر.....بۇئاۋاز ھەسەننىڭ ئاۋازى ئىدى....

ـ خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى ،لىكىن ھۇشىغا كىلىشگە بىرنىمە دىمەك تەس....بۇ ئوتتۇر ياشلىق ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى بولۇپ تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى ...

ـ بۇنىمە دىگىنىڭىز ئەجىبا سىزئۇنى ئۆسۈملۈك ئادەم بولۇپ قالدۇ دىمەكچىما؟

ـ نىمە ؟مەن ئۆسۈملۈك ئادەم بولۇپ قالامدىم !دىياگونۇزنى قايسى ساراڭ قويدى ماڭا ،مەن ساق تۇرمامدىم مۇنا؟....

ـ ياق سەن ئەمدى مەڭگۈ ئەسلىڭگە كىلەلمەيسەن !

ـ كىم ؟گەپقىلغان كىم؟

ـ بۇ مەن !مەن سىنىڭ يۈركۈڭ ! .......يىنىمدا پۈتۈن ئەزايى لەختە ـ لەختە قان ئىقىپ تۇرغان چوڭلىقى چاشقانچىلىك كىلدىغان نەرسە ماڭا گەپ قىلىۋاتقان ئىدى!

ـ نىمە؟مىنىڭ يۈركۈم !

ـ شۇنداق !ئاگلا ئىنسان سەن ئەمدى مەڭگۈ ئەسلىگىگە كىلەلمەيسەن ،بۇيەرسەن ئۈچۈن ئازاب ئوقبەتتىن ـ قايغۇدىن يىراق بولغان دۇنيا !

ـ ياق كۆڭۈل شەيتانچىم ياق! مىنىڭ تىخى قىلىپ بولالمىغان يىتەلمىگەن ئارزۇ ئارمانلىرىم بار..!

ـ ئارزۇ يەنە سەن نىمىنى ئارزۇلايسەن ،سىنى سۆيگەن كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ سەندىن ۋىدالاشتى،سەن سۆيگەن كىشى ساڭائارقىڭدىن خەنجەر سالدى.......!

يۈرەكلىرىم تەۋرەنگەن پىنھانى ۋاقىت،
بەرگەن كۆڭلۈمنى پەقەت سەن بىرىگە.
ۋىسال مىنۇتلىرنى قىلدىڭ خازان كەبى،
سانجىدىڭ نەپرەت خەنجىرى يۈرەگىمگە!
(ئاپتۇرى زۇلمەت شاھى)

كۆڭۈل شەيتانچىقىمنىڭ بۇ سۆزلىرى مىنى خيالغا سلىپ قويغان ئىدى...!

ـ 10يۈئەن بىرىپ بىر يىتىمنىڭ كيىمنى پۈتۈن قىلدىغانلار يوق،ئەمما100يۈئەن بىرىپ بىر پايىشىنىڭ كيىمنى سالدۇردىغانلار كۆپ ..! مانا بۇسلەرئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئاتالمىش ۋىجدان

ـ غورۇر ؛!

ـ بولدى ئاغزىڭنى يۇم ...!

ـ نىمە قايغۇرۋاتامسەن ؟
قايغۇرما،ھىجران پەقەت بىردەقىق،
ئۇنتۇيدۇسەن سۆيگەن ئاشۇئادىمىڭ.
ياشايسەن،كۈنسەن،ھەممە،ھەمگە،
مۇھاببەت ئۈچۈن ئىگىلمىسۇن قامىتىڭ.

ئۆتىدۇ ئاردىن كۈن،ئاي، يىللار،
ۋىجدان ۋەغورۇرئىگىلەر ساڭا.
تىزپۈكمەھەرگىزمۇھاببەت ئالدىدا،
ئۆزۈڭنى بىرساناپ مەغرۇر ياشا.
ئىنسانىيەت دۇنياسى شۇنداق رەھىمسىز ،پۇل ئۈچۈن ۋىجدان غورۇرنى سىتىۋەتكەن،ئاشۇ رەھىمسىز ئىنسانلارئارسىغا قايتماقچىما؟
ـ مەيلى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر قايتىشىم كىرەك مىنىڭ قىلىپ بولالمىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىم بار...!
ـ ھازىرۋاقتى ئەمەس يەنە نەچچە كۈندىن كىيىن قايتىپ كىتەلەيسەن .............

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمىدىم نەپەس ئىلىشىممۇ شۇنچىلىك تەس ،قۇلاق تۈۋىمدە بىرسىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى ،كۆزۈمنى ئاچايدەيتتىميۇ لىكىن بىرغايىبانە كۈچ مىنى توسۇپ

قوياتتى،پۈتۈن كۆچۈمنى كۆزۈمگەيغىپ ئاستا كۆزۈمنى ئاچتتىم ،كارۋتىمغا يۆلەنگىنچە ئۇخلاپ قالغان قىزغا كۆزۈم چۈشتى ،يۈزىنى پۈتۈنلەي چىچى توسۋالغان ئىدى،ئەستاچاچللىرنى قايرىپ ئۇنىڭغا قاردىم بۇ دەل نۇربىيە ئىدى،بۇقىزنىڭ زۇلپىيە بولشىنى بەكلا ئۈمۈت قىلاتتىم ،لىكىن بۇرئانلىقتە بەزى بىر ئىشلارغا ئامال قانچە،ئاستا ئورنىمدىن تۇردۇم بىراق كۆرىكىم ئاغرىپ ماڭالماي قالدىم،ئاستا ماڭغىنىمچە دوختۇرخانا ياتىقىدىن كارىدورغا چىقتىم.سىستىراغاچاقلىق ئورۇندۇق ئەكىلىپ بىرىشنى ئېيتتىم ،هايال ئۆتمەي سىستىرا چاقلىق ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ بەردى ....

ـ ياردىمىم كىرەكمۇ؟سوراپ قالدى سىستىرا ...

ـ سوراپ باقسام ئاشخانا قايسى تەرەپتە...!راس گەپنى قىلسام قورسۇغۇم دەششەت ئاچقان ئىدى..........

ـ مەن ئاپرىپ قوياي..!

ـ سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكى...!

ـ هىچقىسى يوق بۇمىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىم ...!

ـ ئەمسەرەخمەت سىزگە..!

ـ دوختۇر سىزنى ئازدىگەندىمۇ يەنە بىرئايلادا هۇشىغا كىلىشى مۇمكىن دىگەن ئىدى،بەك غەيرەتلىككەنسىز ..!

ـ مەن هۇششىسىز ياتقىلى قانچىلىك بولدى..؟

ـ بۈگۈن توپتۇغرا ئىككى هەپتە بولدى..'

ـ نىمە شۇنچە ئۇزۇن ئۇخلىدىما..!
ـ سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالغان قىز سىڭلىڭىز ئوخشىمامدۇ؟
ـ ياق ساۋاقدىشىم...سىڭلىم بارئىدى بىراق ئۇنى يوقۇتۇپ قويغىلى 10نەچچە يىل بولدى..!
ـ مەن تىخى سىڭلىڭىز ئوخشايدۇ دەپتىمەن ئىككى ھەپتىدىن بىرى ئۇ يىنىڭىزدا كىچىمۇ كۈندۈز ھالىڭىزدىن خەۋەرئىلىپ كەلدى....مانا بۇبىزنىڭ دوختۇرخانىنىڭ ئاشخانىسى ھەرقانداق تاماق بار ،ھازىرچە مايسىز تاماق يەڭ ئىچ ئەزايىڭىزنىڭ يالۇغلىنىپ قالىدۇ بولمىسا،بىرە ئىش بولسا مىنى چاقىرىڭ ......سىستىراقىز مىنى ئاشخانىغا ئەكىلىپ قويۇپ كىتىپ قالدى ،بەزى ئىشلارنى بەك ئويلاپ كەتكەچكىنمۇ كاللام پارتىلاپ كىتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتتى،چۇققۇڭ نەپەس ئىلىۋالغاندىن كيىن بولدىلا بۇئىشلارنى ئويلاپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىيناپ يۈرگىچە بىركۈن بولسىمۇ خۇشال يۈرۈپ باقاي كۆڭلۈم خالىغان ئىشنى قىلاي،شۇنداق غۇدىراپ قويغىنىمچە بارلىق ئىشلارنى كەينىمگە تاشلاپ خۇشال كەيپىيات بىلەن بىرقاچ شۇيۇق ئاش مايسىز قىلىپ دەپ بىكار ئۇستەلگەكىلىپ ئولتۇردۇم ،تىلىۋىزۇردا قويلىۋاتقان ئەجدارھاجىلغىسى دىگەن كارتون فىلمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم خىلى كۆتۈرلۈپ قالدى،تاماقنى يەپ بولۇپ يىرىم سائەت ئولتۇرۇپ بۇكارتون فىلمنى كۆرۈپ باش پىرسناژنىڭ كومدىيەلىك ئوبرازى ياراتقان تۇزلانغان بىلىق ،زىرەك ئوبرازنى ياراتقان لىييانىڭ ئاخىردا

بۇشاكچىك بىلەن مۇھاببەت لىشىپ زىرەكلەربىلەن ئىنسانلار ئارىستىكى ئۇرۇشنى توختىتىشقا سەۋەپ بولغىنىدىن سۆيىنۈپ كەتتىم ،فىلىمنىڭ دەششەت يېرگە كەلگەندە سىستىراقىز كىرىپ دوسلىرگىز سىزنى ئىزداۋاتىدۇ دەپ قويۇپ كىتىپ قالدى،ئىزدىسە ئىزدەپ تۇرسۇن بىرەم دەپ غۇدىراپ قوييۇپ ، داۋاملىق كىنو كۆرۈشكە باشلىدىم ،ھازىرمىنىڭ باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا رايىم يوق ئىدى پەقەت ئۆزۈمنى خۇشال تۇتۇش ئۈچۈن كۆڭلۈم خالىغان ئىشنى قىلىۋاتقان ئىدىم ........

## 30 ـ باب:يىلانلار سىپى

بۇكارتوننى كۆرۈپ باللىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم ،نىمىدىگەن خۇشال چاغلار ئۇ ،لىكىن ھازىرچۇ بولىدىلا ئويلىمايلا قويااي ،قانچەقىلىساقمۇ ئۇرنىغا كەلمەيدۇ، كىنونىڭ ئىچىگە كىرىپ كىتىپتىمەن ......

ـ باتۇر بۇيەردىمتىڭ ئەجەپ ئىزدەتتىڭ بىزنى ..........ھەسەننىڭ گەپلىرى مىنى بۇ كىنو ئىچىدىن تارتىپ چىققان ئىدى....

ـ ھەي بالدۇرراق كەلسەڭ بولماتتى بۇ ئالامەت ياخشى فىلمكەنتۇق .........خۇشال ھالدا ئۇنىڭغا شۇنداق دىدىم ...

ـ باتۇر ساڭا بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟
ـ يەنە نىمە ئىش بولسا بولاتتى ،كۆرىكىم يارلانغاندىن باشقا ھىچ ئىش يوق .....!
ـ ساڭاراستىنلا ھىچ ئىش يوققىما ؟
ـ يەنە نىمە بولسا بولاتتى !
ـ ساق بولساڭلا بولدى ،سىنى ياتنقىڭغا ئاپىرىپ قوياي ........ئۇشۇنداق دىگىنچە چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ ماڭدى ....
ـ بولدى بىردەم سىرتنى ئايلىنايلى ،ياتاقتا ياتقىم بولغان بولسا بۇيەردە چورگىلەپ يۈرمەتتىم ...
ـ ئۇنداق بولسا سىنى دوختۇرخانىنىڭ گۈللىكىنى ئايلاندۇراي ،بۇيەرنىڭ مەنزىرىسى خىلى چىرايلىققكەن .......شۇنداق دىگىنچە سىرتتىقا ئىلىپ چىقتى ،رەڭگارەڭ گۈللەر ئەتراپىنى بىرئاپتۇ ئەترگۈللەرنىڭ پۇراقلىرى دىماققائۇرلۇپ تۇراتتى ...
ـ قاراھەسەن ياتاققا ئەكرىپ قوياي دەيسەن ياتاقتا دوراپۇرقىنى پۇراپ ياتقاندىن بۇيەردە ئەترگۈللەرنىڭ پۇرقىنى پۇرغان ياخشى ئەمەسمۇ ...
ـ سىنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭدە ئەترگۈللىنىڭ پۇرقىنى پۇرغىنىڭدىن دورىنىڭ پۇرقىنى پۇرغىنىڭ ئەۋزەل ..
ـ قىنى دىگىنە مەن قانداق بولۇپ دوختۇرخانىغا كىرىپ

قالدىم،بىلمەيلا قالدىمغۇ؟مەخسىدىم زۇلپىيەنىڭ قانداق پوزىتسىيەدە بولغىنى بىلگىم بارئىدى.......

- سەن ھۇشۇڭدىن كەتكەندىن كىيىن نىمە قىلارىمزىنى بىلمەيلا قالدۇق .........ھەسەن ئۇھسىنىپ قۇيغاندىن كىيىن سۆزىنى داۋام قىلدى...

- بىزمۇ سىنىڭ ھۇشۇڭغا كىلىشىڭنى ساقلىغاچ بىردەم ئارام ئىلىپ قورساقلىرىمىزنى توقلىۋالدۇق،زۇلپىيە بىلەن ئاينۇرە ئىزچىل جەملە مۇئەللىمنىڭ يىنىدا بولدى،شۇپەيىتلەردە نۇربىيە بولسا سىنىڭ يىنىڭدىن نىرى بولمىدى ،يىرىم سائەتتىن كىيىن سەنمۇ ھۇشۇڭغا كەلدىڭ ،ھۇشۇڭغا كىلىپلا يەكچەشمىنى تاپايلى دەپلامىگىپ كەتتىڭ نىمە ئىش بولغىنى بىلمەي قالدىم ،نۇربىيەنىڭ سىنى ئىھتىيات قىلىڭ دىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ساڭاقاردىم زۇلپىيە خەنجەر كۆترۈپ سىنىڭ ئارقاڭدىن كەلدى ،،،، دەل شۇ ۋاقىتتا نۇربىيە سىنى توسىۋالدى،لىكىن سەن نۇربىيە قۇچاقلاپ پىقىراپ خەنجەرگە ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بەردىڭ،نىمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم ،زۇلپىيە بىلەن نۇربىيە خىلى تۇتۇشۇپ كەتتى سەندىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچ ھۇشۇڭدىن كەتتىڭ،ھىلىمۇ ياخشى گۈلنىگار سىھرىبىلەن قاننى توختاتتى بۇلمىسا سەن بۇچاققىچە ئۆزۈڭنى جەھەننەمدە كۆرەتتىڭ  ئەزمەت سىنى كۆترۈپ ماڭدى ،نۇربىيەمۇ ئازراق يارلىنىپ ماڭالماي گۈلنىگار يۆلەپ ئىلىپ ماڭدى،زۇلپىيە،ئاينۇرە بىلەن ساتتار

ئىككىمىز تۇتۇشۇپ كەتتۇق ،قىرىشقاندەك يەنە ئۆچى پەيدا بولۇپ قالدى تىخى يۈزنى ئورىۋاپتۇ بىلمەيلا قالدىم قانداق يىقىلغىنىمنى دەل شۇ ۋاقىتتا بىزنى نۇرغۇنلىغان يىلانلار ئورىۋالدى،بىز يەكچەشمىنى ئىزدەپ بارغاندا يىلانلار سەپ ـ سەپ بولۇپ بىزگە ۋۇجۇم قىلغانتىغۇ،شۇنىڭغا ئوخشاش سەپ ـ سەپ بولۇپ بىزنى قورشىۋالدى ،ئەجەبلىنەرلىكى يىلانلار بىزگە ۋۇجۇم قىلمىدى،ئەكسىچە ئۇلارغا ۋۇجۇم قىلدى بىزمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ سىنى دوختۇرخانىغا ئىلىپ كەلدۇق ،دوختۇرسىنى ئۆسۈملۈك ئادەم بولۇپ قالدۇ دىگەن ئىدى...

ـ قايسى نائەھلى قۇيدى دىياگۇنۇزنى ،مانا ساپساق تۇرمامدىم....

ـ بولدى يۈرە سىنى ياتاققا ئەكىرىپ قوياي ،ئۇكۇل سالدىغان ۋاقىت بولدى..........بەزى بىر ئىشلار كاللامدىن پەقەت ئوتمەيتتى ،مەن نىمە ئۈچۈن ئارخىلوگ بولۇشنى تاللاپ قالدىم ،ئەسلىدە خاككىر بولۇش ئارزۇيۇم كۈچلۈك ئىدى،ئارخىلوگ بولۇشنى تاللاپ قىلىشىمۇ زۇلپىيەنىڭ تەسىردىن بولغان ئىدى ،مەنلا ئەمەس ساتتار،ھەسەننىڭمۇ ئارخىلوگ بولۇپ قىلشى پۈتۈنلەي زۇلپىيەنىڭ تەسىردىن بولغان ئىدى،ھەسەن زۇلپىيە توغۇرلۇق سۆزقىلسىمۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلىماسلىق ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرۋالغان ئىدىم .....

## 31 ـ باب:يوقالغان جەسەت

ھەسەن زۇلپىيەنىڭ گېپىنى چىقارغاندا مەن سوكۇتتەتۇرۇۋالغاچ ئىمنى يۈتكىدى . . .

ـ ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن باتۇر. . .؟

ـ ئىمنى قانداق قىلمەن. . . .

ـ ئوقۇغۇچنى چۇ. .!

ـ بولدى بۇ پاراڭلارنى قىلما ساقىيپ دوختۇرخانىدىن چىققاندا بىرگەپ بولسۇن ،ئوقۇشنى داۋام قىلامەن ياكى خاككىرلىقمنى قىلىپ ئۇرۇش ـ جىدەلدىن نىرى تۇرامەن ،بۇقىتىمكى ئىشتىن كېيىن ئارخلوگ بولۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى ھىس قىلدىم ،ھەرۋاقىت ھاياتىمىزنى دوغاتىكىپ يۈرىدىكەنىمىز . .!

ـ شۇنى دىمەمسە ،نىياز بوۋام مۇشۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندە مەن ئىنخى بىزنى قورقىتىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ ئىنكەنمەن . . .!

ـ مەن خىيال قىلغاننى سەنمۇ خىيال قىلىپ بوپسەن مانا. .!

ـ ئوقۇش باشلىنا باشلانماي بۇ ئىشقا ئۇچۇرۇدۇق ،ئارخلوگ بولۇشتىن سەل رايىم يېنىپ قالدى. .!

ـ سەنمۇ ئادىلدەك ئاقىۋەتكە قىلىشتىن قورقۇپ قاپسەندە. .؟

ـ مەندە بىرخىل غەيرى سىزىم بولىۋاتىدۇ ،سەن يارلانغان كۈنى مەن زۇلپىيەبىلەن خىلى قاتتىق ئۇرۇشتۇم ،دەل شۇۋاقىتتا پەيدا بولغان

يۈزىنى ئورۋالغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرسى ئادىلغا ئوخشاپ كېتىدىكەن ،ئۇنىڭ ھەركىتى بوي تۇرقى ،ئورۇق-سىمىزلىكى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن ، خۇددى ئادىلنىڭ ئۆزى ...!

-گۇمانىڭ بولسا جەسەت ساقلاش ئۆيىگە كىرىپ قاراپ باقساڭ بولمىدىمۇ ...!

-قارىمدى دەمسەن سىنى دوختۇرخانىغا ئەكىرىپلا يارامنى تاڭدۇرۇشنى قويۇپ ئۇدۇل جەسەت ساقلاش ئۆيىگە كىرىپ ئادىلنى سۈرۈشتە قىلدىم،لېكىن جەسەت يۆتكەش ماشىنىسى ئۇلارنى ئۇدۇل قەشقەرگەئېلىپ كېتىپتۇ ...!

-جەسەتنى يۆتكەشتىن ئاۋال قانۇن دوختىرى تەكشۈرۈپ ئاندىن يۆتكەيتتىغۇ،ئادىلنىڭ ئۆيدىكىلىرگە تېلفۇن ئۇرۇپ باقتىڭمۇ..؟

-ياق ئۇرماپتىمەن..

-تېلفۇن ئۇرۇپ مەن ئادىلنىڭ تولۇق ئوتتۇرامەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئادىل بارمۇ دەپ سوراپ باق..!

-نىمىشقا ئۇنداق دەيمەن ..؟

-بولەتىز شۇنداق دە.....!.....ھەسەن غۇدىرغىنچە تېلفۇننى ئېلىپ ئادىلنىڭ ئۆيدىكىلىرنىڭ نۇمۇرنى باستى..

-ھەسەن ئادىلنىڭ ئۆيدىكىرى سىنىڭ تېلفۇن نۇمرىڭنى بىلەمدۇ..؟

-بىلەمدىكى بىلمەيمەن ..!

-ئۇنداق بولسا مىنىڭكىدە ئۇرغىن....تېلفۇننى ھەسەنگە

تەڭلىدىم ...

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاچا ئادىل بارمىدۇ..؟مەن ئۇنىڭ تولۇق ئوتتىرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ،ئۇنىڭغا بىردىغان نەرسە بارئىدى....ھەئە رەخمەت ئاچا ئۆزىگە تىلفۇن قىلىپ باقاي .....!ھەسەن شۇنداق دىگەچ تىلفۇننى قويدى....سوئالنىڭ جاۋابى ئىنىق بولغان ئىدى.

ـ ئادىلنىڭ ئانىسى ئىككى كۈن ئالدىدا تىلفۇن ئۇرغان ئىدىم ،خوتەندە دىگەن ئىدى ،ئادىلنىڭ تىلفۇنىغا تىلفۇن ئۇرۇپ بىقىڭ دەيدۇ..!

ـ نىمە ...؟ئاۋازىم جىددى ئۆللۈك چىقىپ كەتكەچ ئەتراپتىكى كىشىلەر بىزگە قارىشىپ غۇدۇڭشىۋاتقان ئىدى ...

ـ نىمنداق ئادەمنى قورقىتىسە ؟كاللاڭدىن كىتىپ قالمىغانسە؟ شۇ ئادىلغا ئوخشىشىپ كىتىدىكەن...

ـ كىم ئادىلغا ئوخشىشىپ كىتىدىكەن...؟ئۇنىڭ گىپىدىن ھەيران قالغان ئىدىم.

ـ مەن بايامدىن بىرى تامغا گەپ قىلدىممۇ نىمە..؟ھەسەن غۇدىراپ قويغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى ..

ـ سەن يارلانغان كۈنى مەن زۇلپىيە بىلەن خىلى تۇتۇشۇپ قالدىم شۇۋاقتتا تۇيۇقسىز يۈزىنى ئورىۋالغان ئۈچ كىشى پەيدابولۇپ قالدى،شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئادىلغا ئوخشىشىپ كىتىدىكەن

،كىيىن دوختۇرخانىغاكىلىپلا ئادىلنى سۈرۈشتە قىلدىم ،ئەپسۇس جەسەتنى قەشقەرگە ئىلىپ كىتىپتۇ...!

ئەسلىمگەكەلسەم خىيالغا چۆكۈپ كىتىپتىمەن ..!

ـ ئەمسە ئادىلنىڭ ئۆيگە تىلفۇن قىلىپ سوراپ باق؟

ـ مىنىڭ ئەجەپ كاللامغا كەلمەپتۇ دىسە...!

ـ مىنىڭ تىلفۇنۇمدا ئۇر.....تىلفۇننى ھەسەنگە تەڭلىدىم. ،ھەسەن چوكانچاق ئۆزىنىڭ تىلفۇنىدىن ئادىلنىڭ ئۆي تىلفۇن نۇمرىنى تىپىپ تىلفۇننى ئۇلىدى....

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاچا ،ئادىل بارمىدۇ..؟مەن ئۇنىڭ تولۇق ئوتتىرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ،كىلەرھەپتە ساۋاقداشلار يىغلىشى بارئىدى،ئادىلغا تىلفۇن قىلاي دىسەم تىلفۇن نۇمرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن .......... .....رەھمەت ئاچا نۇمۇرنى ئىسمىدە تۇتىۋالدىم ،ئەمسە ئۆزىگەئۇرۇپ باقاي.......ھەسەن شۇنداق دەپ تىلفۇننى قويدى..

ـ نىمە دەيدۇ....؟جىددى تەلەپپۇزدا سوردۇم ...!

خوتەنگەكەتكەن ئىدى،بىر ھەپتە بولدى ئالاقىمىز ئۈزلۈپ قالغىلى ،ئۆزىگەتىلفۇن قىلىپ بىقىڭ دەيدۇ...!........دىمەك جەسەتنى قەشقەرگەئاپارماپتۇ، قەشقەرگەئاپارغان بولسا ساقچى تەرەپ ئۆلۈش سەۋەبنى ئىنىقلاپ ئىسپات چىقىرىپ ئائىلىسگە خەۋەر قىلاتتى، بۇيەردىمۇ بولمىسا ئەجىبا ئۇ تىخى ھاياتمىدۇ،ھايات قىلىشى مومكىن

ئەمەس ،مەن ئۆزكۆزۈم بىلەن ئۇنىڭ ھەسەننىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزگىنىنى كۆرگەن تۇرسام بۇقانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، ،ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق پىچىرلايتتىم...!

-ئەمسە ئاينىگارنىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىپ باقايلى...!

-سەن ئەۋال ئۇكۇلۇڭنى قويدۇرۇۋال قالغان ئىشقا مەن بار ........ھەسەن ئۇنىمغىنىمغا ئۇنماي مىنى ياتقىمغا ئەكىرىپ قويدى.........يەنە كاللام چىگىش سۇئالغا تولماقتا ئۆزۈمنى بۇ چىگىش سۇئاللاردىن قاچۇرۇش ئۈچۈن ئىپتىخار مۇنبىرگە كىرىپ يىڭى ئىنكاسلىق تيمىلار تىزىملىكىگەقاردىم ،تورىيازغۇچىسى زۇلمەت شاھى يازغان ھالاكەت ئارخۋى ناملىق ۋەھىيمىلىك ئەسەرنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. ...............

## 32 ـ باب:گىگانىت ئۆمۈچۈك

ۋەھىملىك ئەسەرنى ئوقۇغان پىتي ئۇيقۇغا كىتىپتىمەن ،قانچىلىك ئۇخلىدىم بىلمىدىم ،ئويغانسام تىلفۇننى قۇچاقلىغان پىتى يىتىپتىمەن ،ھىكايە ئوقۇش خوش ياقماي بىردەم cfبەنتىيۇۋاڭ ئويننى ئويناشقاكىرشىپ كەتتىم ،بۇنىمۇ بىردەم ئويناپ ماڭا تەڭ كەلگىدەك رەقىپ چىقمىغاچ بۇنىڭدىنمۇ زىرىكتىم ،سىرتنى ئايلىنىپ كىرەي دەپ كارۋاتتىن چۈششۈمگەكارىدوردىن بىرسىك ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى،زەن قويۇپ ئاڭلىدىم ،بۇ ئاياق تىۋىشى باشقا بىرىنىڭ بولماستىن دەل نۇربىيەنىڭ ئاياق تىۋىشى ئىدى،ھايال ئۆتمەي ئۇمۇ كىردى،قولىدا تاماق قاچىسى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ يەنە بىر سىلياۋ خالتىدا سامسا ئەكىرگەن ئىدى،مىنىڭ سامسىغا ئالاھەت ئىشتىياقىم بولۇپ قىززىق ۋاختىدائىغزىمنى كۆيدۈرۈپ يىمىسەم خۇماردىن چىقمايتتىم ،ھور ئۆرلەپ تۇرغان سامسىنى كۆرۈپ ئىغزىمغا سىرىق سۈيىغلىغان ئىدى،

ـ قارسام ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرسىز،سىزنى سامسىغا بولاق مانتىغا ئامراق دەپ ئاڭلاپ ،يىگى قاسقاندىن چىققان بولاق مانتابىلەن يىگى تونۇردىن قومۇرغان ھورئۆلەپ تۇرغان  سامسا ئالغاچ كىردىم .....نۇربىيەنىڭ گەپلىرگە جاۋاپ بىرمەي بىرقولۇمدا سامسا بىرقولۇمدا بولاق مانتا يىشكە كىرشىپ كەتكەن ئىدىم ،ئاچقان يىرىمگەبارغان ئىدى ،ئاخىرقى بىرتال مانتابىلەن بىرتال سامسا قالغان

ئىدى يەي دەپ تۇرشۇمغا سىرتتىن باشقىلارنىڭ چىقىرغان ئاۋازى ،ئارقىدەن چاق ـ چۇقلارنىڭ سۇنغا ئاۋازى،دىرىزىلەرنىڭ چىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى...

ـ ئادەمنى نەرسە يىگىلى قۇيامدۇ قويمامدۇ؟بۇخەخلەر....شۇنداق غۇدىراڭشىپ قويغىنىمچە بىرقولۇمدا بولاق مانتىنى بىرقولۇمدا سامسىنى كۆتۈرگىنىمچە كارىدورغا چىقتىم ،چىقىشىم ئاسانغا توختىمىدى،كۆكرىكىم ئاغرىپ دىگەندەك ئاران چىقتىم ،چىقتىمىۇ چىققانغا مىڭ پۇشمان قىلدىم ،چوڭ بىر گىگانىت ئۆمچۈك كارىدورنىڭ ئۇبىشىدىن بۇبىشىغا قاراپ كىلىۋاتقان ئىدى،بۇئۆمچۈكنىڭ پۇتلىرى نەيزىدەك ئۇچلۇق بولۇپ تۆمۈردە قۇيغاندەك قاتتىق ئىدى پۇتى تەككەن يەردىكى چاقچۇقلار خۇددى بازغان بىلەن ئۇرغاندەك چىقىلىپ كىتەتتى،بۇنداق چوڭ ئۆمچۈكنى تۇنجى قىتىم كۆرشۈم بولغاچ نىمە قىلىشىمنى بىلمەي بولاق مانتىنى چىشلىگەن پىتى تۇرۇپ قالغان ئىدىم ،ھەسەن بولسا ئۆمچۈكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كىلىۋاتقان ئىدى..... ئۆمچۈك مىنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭ كۆز لىرى بىلەن مىنىڭ كۆزۈم ئۇچۇرشۇپ قالدى،ئۆمچۈكنىڭ كۆزىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم ،ئۇنىڭ كۆزى نەدىمۇ ئۆمچۈكنىڭ كۆزى ،قاراشتىنلار مىھرىبانلىق ،ئىللىقلىق چىقىپ تۇردىغان ئادەمنىڭ كۆزى ئىدى،بۇنىڭدىن تىخىمۇ ھەيران قالدىم ،بولۇپمۇ ھەسەننىڭ ئۇنى قوغلاپ كىلىۋاتقىنى

ئىدى ،ھەسەننى تۇتتۇالدىم....

ـ نىمىش قىلىۋاتىسەن ھەسەن؟

ـ ئۇئۆمچۈك سەلىمە دوختۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؟جىددى قىياپەتتە شۇنداق دىدى..!

ـ سەلىمە دوختۇردىگەن كىم ؟ھەيرانلىقتا سوردۇم.

ـ بۇياققا كەل كۆرسەك بىلىسەن !ھەسەن شۇنداق دىگىنچە كەينىگە ياندى ،مەنمۇ ئۇنتۇنىسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم ،كاردورنىڭ ئۇبىشىدىكى بىر دوختۇر ئىشخانىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق ،بۇئىشخانىغا ئادەم توشۇپ كەتكەن ئىدى،ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىسىلتىلىپ ئالدىغا ئوتتۇق،يەردە بىر ئايال دوختۇر قانغا مىلىنگەن ھالدا ياتاتتى،دىرەزە چىقىلغان بولۇپ بايامقى ئۆمچۈك دىرىزىدىن كىرگەندەك قىلاتتى،بۇ ئۇچۇنچى قەۋەت بولغاچ دىرىزىدە بىخەتەرلىك رىشاتكىسى يوق ئىدى،دىرىزە يىنغا كىلىپ قارىدىم ئۆگزىدىن مۇشۇ دىرىزىگە يەتكىدەك توم ئارغامچا ساڭگىلاغلىق ئىدى...

ـ ھەسەن بۇنىڭغا قارا .....!

ـ ناھايىتى بىر ئارغىرمچىكەنغۇ...!...نىمە ئارغامچا..؟ھەسەن ھەيرانلىقتا تولىۋەتتى...!

ـ ئۇئۆمچۈك ھەقىيقەتەن چوڭ لىكىن بۇنچىلىك چوڭ تورچىقارماس،ئۇنىڭ ئۇستىگەبۇئارغامچا ئارىسدا ئىنچىكە پولات

چۆنۈق باركەن ،ماڭايىقىن تۇرغان كۆزە ئەينەك تاقىۋالغان دوختۇر بىزنىڭ پارڭىمىزدىن ھەيران قالغان بولسا كېرەك ....

!سىلەرئارخلوگ ئوخشىمامسىلەر؟دوختۇرشۇنداق سوراپ قالدى ...

ـ قانداق دەيسىز ؟دوختۇرنىڭ سۇئالىغا سوئال بىلەن جاۋاپ قايتۇردۇم ...

ـ تەپەكۇرۇڭلار ئۆزگىچە ئىكەن.....!مەن مۇشتۇمدەك ئۆمچۈكنى كۆرگەن لىكىن بۇنداق چوڭ ئۆمچۈكنى تىخى تۇنجى قىتىم كۆرشۇم ،بۇياققا چىقىڭلار...دوختۇر شۇنداق دىگەچ كارىدۇرغا چىقتى ،ماڭغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى ...

ـ مىنىڭ بىر ئارخلوگ دوستۇم بولدىغان ،تەكشۈرۈشكە چىققاندا مۇشۇنداق غايەت زۇرجانلىقلارئانچە مۇنچە ئۇچراپ تۇردۇ دىگەندەك پاراڭلارنى قىلىپ بىرەتتى،سىلەرگەقارسام ھەيران قىلىش توگۈل ئۆمچۈك توغۇرسىدا مۇنازىرلىشىپ كىتىپسىلەرشۇڭا شۇنداق سورشۇم....!

ـ ھە بىزئارخلوگ بۇيەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن دوستىم يارلىنىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانتى ،بۇيەردە ئۇنىڭغە قاراۋاتقان ئىدىم...!...ھەسەن شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى.

ـ بايام ئۇئىشخانىدىن ئۆمچۈكنىڭ كەينىدىن يۈگرەپ چىقتىڭىز ئۇ ئىشخانىدا نىمە ئىش قىلىۋاتتىڭىز..؟

ـ مۇنداق ئىش ئىدى ،تەكشۈرۈش جەيرانىدا ئۈچ دوستىمىز ئۆلۈپ

كەتتى، بىزدوختۇرخانىغا خەۋەرقىلىۋىتىپ داۋاملىق تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق ،دوستىم يارلانغاندىن كېيىن تەكشۈرۈشنى ۋاقتىلىق توختىتىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەكەلگەن ،ئۆلۈپ كەتكەن ئۈچ دوستىمىزنىڭ جەسىدىنى قەشقەرگە يولغا سىلىۋىتەيلى دىگەن ئىدۇق،جەسەت ساقلاش ئۆيىگە كىرسەك ئۇلارنىڭ جەسىدىنى شۈكۈنىلا قەشقەرگە ئىلىپ كىتىلگەنلىكىنى ئېيتتى،لىكىن ئۆلۈپ كەتكەن دوستىمىزنىڭ ئۆيدىكىلىرى ھازىرغىچە جەسەتنى تاپشۇرۇپ ئالالماپتۇ ،جەسەت ساقلاش ئۆيىدىن سۈرۈشتە قىلسام جەسەت ساقلاش ،جەسەت توشۇش،ئۆلگۈچىنىڭ ئارخىۋى دىگەندەك ئىشلارنى سەلىمە دوختۇر بىرتەرەپ قىلىدىكەن،ئۇنى ئىزدەپ كىرسەم ئۆلگىچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەربولمىسا جەسەت توغۇرلۇق ھىچقانداق نەرسىنى ئىتمايدىكەن ،ئاخىرى ئامال قىلالماي 2000يۈئەن ئالدىدا قويۇپ ،جەسەت توشۇغۇچى،جەسەت يۆتكىگەن ماشىنا ،نەگە ئاپارغىنى توغۇرسىدىكى ئۇچۇرنى سوردۇم ،سەلىمە دوختۇر بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن پۇلنى تارتىمىسقا سىلىپ جەسەت توشۇغۇچىنىڭ ئابدۇ سەمەت مەتروزى،3 ـ نۇمۇرلۇق جەسەت توشۇش ماشىنىسىدا قەشقەرگەئىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرشىغا دىرىزە چىقىلىپ ئۆمچۈك كىردىدە ئۇچلۇق پۇتى بىلەن سەلىمە دوختۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى،مىنى بىرلاقويغان ئىدى تامغا ئۇسۇپ توختىدىم،ئورنىمدىن تۇرۇپ بولغىچە ئۆمچۈك كارىدورغا چىقىپ

قىچىشقا باشلىدى شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىققان ئىدىم...!

ـ ئەسلى ئىش مۇنداقكەندە ،يورۇقلار كۆزنىتش ئۆيگە كىرىپ باقايلى .....دوختۇر شۇنداق دىگەچ كۆزنىتش ئۆيگە كىردى بىزمۇ گەپ بىلەن بولۇپ كىتىپ كۆزنىتش ئۆينىڭ ئالدىغا كىلىپ قالغىنىمىزنىمۇ تۇيمىغان ئىدۇق،كۆزنىتش ئويگە كىرگەندىن كىيىن دوختۇر ئامانلىق ساقلىغۇچىغا ئۇن مىنۇت ئاۋالقى كۆرنۇشلەرنى قويۇشقا بۇيرىدى،سىن كۆرنىشنى كۆرۈپ ئىغىزىمنى ئىچىپلا قالغان ئىدىم.....

## 33 ـ باب:بىشارەت

نىمە قىلىشنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قالغان ئىدىم،كۆرۈۋاتقان كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم؛ سەلىمە دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىداكۆزنىتش تېلېكامېرا ئاپىراتتى بولغاچقا يۈز بەرگەن كۆرۈنۈشلەر بىر بىرلەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.بۇ گىگانت ئۆمۈچۈكنى كۆرۈپ خوبىتلار ئۇرۇش فىلىمىدىكى گىگانت ئۆمۈچۈكلەركۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى ،بۇ گىگانت ئۆمۈچۈك دىرىزىدىن كىرگەنچە سەلىمە دوختۇرنىڭ يۈرىكىگە نەيزىدەك پۇتلىرىنى سانجىدى،ھەيران قالغىنىم شۇكى بۇ گىگانت ئۆمۈچۈك ھەسەنگە چىقىلمىغان ئىدى،بۇ ئىشتىن

مەن ئازراق هەيران بولدۇم،سەلىمە دوختۇر ئۆلگەندىن كېيىن بۇ گىگانىت ئۆمۈچۈك هېچنېمىگە قارىماي كارىدورغا چىقىپ قېچىشقا باشلىدى....

ـ چوڭ بايقاش بولىدىغان بولدى،تىز سۈرەتلىرىنى چىقىرۋال...!...دوختۇرئامانلىق ساقلاش خادىمىغا شۇنداق دېدى،

ـ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ،مېنىڭ يەنە ئوكۇلۇم بار ئىدى،سىزنى ئاۋارە قىلماي....شۇنداق دەپلا هەسەنگە شەرەتلەپ سىرتقا ماڭدىم...

ـ مۇمكىن بولسا تېلفون نومۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ قويىسىڭىز،گىگانىت جانلىقلار توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ باقسا..!

ـ هە بولىدۇ.....تېلفون نومۇرۇمنى يېزىپ بېرىپ كۆزنىتش ئۆيىدىن ئايرىلدىم....شۇ ماڭغىنىمچە دوختۇرخانا گۆلكىگە چىقتىم ...

ـ سەن بىرەر غەلىتىلىك هېس قىلدىڭمۇ...!

ـ قانداق دەيسەن باتۇر...!

— گىگانىت ئۆمۈچۈك سەلىمە دوختۇرنى ئۆلتۈرۈپتۇ ،ساڭا چېقىلماي چىقىپ كېتىپتىغۇ،مانا بۇ غەلىتىلىك ئەمەسما...

_بەلكىم جەسەت يۆتكەش ئىشنى ئاشكارلاپ قۇيغىنى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەندۇ...ـ توغرا بەلكىم مۇشۇ سەۋەپتۇ ،بۇنىڭدىن باشقا سەۋەپمۇ بولماسلىقى مومكىن....

ـ مىنىڭچىمۇ شۇ ،بۇ نەس باسقۇر جايدىن كەتمىسەك بولمىغىدەك ،قانچە تىز ئايرىلساق شۇنچە ياخشى بولغىدەك....

## ھالاكەت ئارخىپى

-نىمە بولدۇڭ باتۇر سەن ئىلگىرى بۇنچە قورقۇنچاق ئەمەس ئىدىڭ،مۇشۇ كۈنلەردە بەك قورقۇنچاق بوپ كەتتىڭغۇ....
-سىنىڭمۇ ھاياتىڭ قىل ئۈستىدە قالغان چاغدا ،ھايات-ماماتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىسە ....
- بولدى باتۇر كۆپ ئويلاپ كەتمە ،بۇ نەس باسقۇر جايدىن كەتسەك ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا كەتسەكمۇ كېتەيلى مەن ھازىرلا كىرىپ دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيتىنى بىجىرەي .....
-شۇنداق قىلغىن ...!..............!.......ھەسەن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن گۈللۈكتە ئۆزۈم يالغۇز ئايلاندىم،ئايلىنىۋېتىپ تۇيۇقسىز كۆزۈم قىپ-قىزىل كېپىنەككە چۈشۈپ قالدى،كېپىنەك ھەرخىلى ھەركەتلەر بىلەن مىنى چاقىرۋاتقان ئىدى،مەنمۇ بىلىپ بىلمەي كېپىنەككە ئەگەشتىم مىڭىپ چەت تەرەپتىكى ئۈزۈم باراڭلىرىنىڭ ئاستىغا كىردىم ،بۇيەردە قاپ-قارا پىلاچ كىيىۋالغان لەۋلىرى قاپ-قارا چىرايلى بەكلا مەينەت بوپ كەتكەن ،چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر ئايال تۇراتتى،ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىم ئۇچۇرشۇپ قالدى ،ئىللىقلىق ،مېھرىبانلىق چىقىپ تۇردىغان بۇكۆز ماڭا بەكلا تونۇش ئىدى ،بۇكۆزلەر دەل گىگانىت ئۆمچۈكنىڭ كۆزلىرى شۇ ئىدى.....
-ھاياتىڭىز خەۋىپ ئىچىدە تىز بۇ يەردىن ئايرىلىڭ.....ئۇشۇ

سۆزلەرنى دەپ بولۇپ كىپىنەككە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى ....كۆز ئالدىمدا يۈز بىرۋاتقان بۇ رىئانلىققا ئىشەنگىم كەلمەي قالغان ئىدى....مىنىڭ ھاياتىم قانداق سىگە خەتەر ئىچدە مەن كىمنىڭ چىشىغا تىگىپ قويغان بولغىيتىم ئەجبا جەملە مۇئەللىممدۇ ، مەن ئۇنىڭ ھاياتىنى بىرقىتىم قۇتقۇزۇپ قويغان،ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ مىنى قەسلىمەس. خىياللىرىم مانا مۇشۇنداق ئايغى چىقمىغان سۇئال بىلەن توشقان ئىدى...بۇ ئۆزۈم باراڭلىرى ئاستىدا خىيال دىڭىزىغا غەرىق بولغان ئىدىم............

## 34 ـ باب:خاتىمە

چۈش دىڭىزدىن ئويغان چىغىمدا ئاللا بۇلان كۈن پىتىپ بولغان ئىدى،چىگىش خىياللار بىلەن ئىغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ ياتىقىمغا مىڭ تەستە كىرۋالدىم ،بىركىچە ئۇخلىماي خىيال دىڭىزىدا لەيلەپ يۈردۈم ،ئادەمنىڭ ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارلىقىدا قالغاندا پەقەت ھاياتىدىن باشقا نەرسە مۇھىم ئەمەستەك تۇيغۇغا كىلىپ قالىدىكەن ،بەلكىم مىنىڭ بىردەملىك ھاجانلىنىشىم ئۆزۈمنىڭ كىيىنكى تەقدىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋىتىشى مۇمكىن ،شۇنداقتىمۇ بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كەچمىسەك كۆزلىگەن نىشانغا يىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس،مەن بۇ ئوقۇشۇمدىن ۋاز كەچكىنىم بىلەن ھەرگىزمۇ

بوۋامنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئۆلۈپ كەتكىنى ،دادام بىلەن سىڭلىمنىڭ قانداق يوقاپ كەتكىنى ئىنىقلىماي قويمايمەن....

شۇنداق چىگىش خىياللار ئىچە ئۆزۈمنى سەزمەي ئۇخلاپ كىتىپتىمەن،ھەم شۇنداقلا ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈم ،چۈشۈمدە ناھايتى چىرايلىق ئاق ئەجدارھا بىلەن شۇنداق گۈزەل ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردىغان سايرىشى شۇنداق يىقىملىق بىر قۇشنى كۆردۈم ،بۇ قۇش رىۋايەتلەردە تىلغا ئىلىنغان ئوتقاش سۇمرۇغ ئىدى،ئاق ئەجدارھا بىلەن ئوتقاش سۇمرۇغ مىنىڭ ئىككى تەرپىمگە قوندى،يىراقتىن قارا كۆلەڭگۈ كىلىۋاتقان ئىدى،قارا كۆلەڭگۈ يىقىنلاپ كەلگەنسىرى ئۇنى ئىنىق كۆردۈم ئۇ بولسا قارا ئەجدارھا بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە زۇلپىيە مىنىۋالغان ئىدى،قارا ئەجدارھا ئوت پۈركىشى بىلەن چۈشۈمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ...
-خەپ زۇلپىيە مىنى چۈشلىرىمدىمۇ ئارامىمدا قويمايسەنغۇ ....
-كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن باتۇر .....ھەسەن شۇنداق دىگەچ كىرىپ كەلدى،ھەسەننىڭ ئارقىسىدىن ساتتار،كىچىك جادىگەر،نۇر ،نۇربىيە كىرىپ كەلدى...
-ئۆز ئۆزمگە سۆزلەۋاتىمەن ...بولماپتىما...!
-كىتىدىغان بوپسەن خوشلاشماي ماڭاي دىگەنمىدىڭ..؟ساتتار كۆزۈمگە مەنىلىك قاراپ قويدى....

ـ يەكەنگە قايتىپ داۋالىنايمىكىن ،يەنە بىرگە ئوقۇشتىن چىكىنمەكچى ،گۈللەن يۇمشاق دىتاللار مەركىزى يۇقرى ماش بىلەن تەكلىپ قىلدى. . .ئەملىيەتتە ئۇنۋېرستىتقا كىلىشنىڭ ئالدىدا تەكلىپ خىتى تاپشۇرۇۋالغان ئىدىم،لىكىن مەن يەنىلا ئارخىلوگ بولۇشنى تاللىغان لىكىن بۇنداق قىسمەتلەرگە ئۇچۇرشۇمنى ئويلاپ باقمىغان ئىدىم ......!

ـ بوپتۇ قانداق قىلىشنى خالىغان بولساڭ شۇنداق قىلغىن ، شۇ نەرسە ئىسىڭدە بولسۇن سەن دىگەن تەۋەككۈلچى بىلال نىيازنىڭ ئوغلى بۇ ھەققەتنى ئۆزگەرتەلمەيسەن.......ساتتار مۆرەمگە شاپاللاپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى،سومكامدىن ئەرۋاھ خەنجىرنى ئالدىمدە كىچىك جادىگەرگە تەڭلىدىم...

ـ بۇ بەلكىم جەملە مۇئەللىمگە كىرەك بولىدىغۇ دەيمەن ،جەملە مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بىرىڭ،باتۇرنىڭ خوشلىششى سوغىسى دەپ قويۇڭ........كىچىك جادىگەر بىردەم ئىكىلىنىپ قىلىپ قىلىچنى قولۇمدىن ئالدى،قولۇمدىن قىلىچنى ئىلىپ بولغىچە ئۇنىڭ كۆزى بىلەن كۆزۈم ئۇچۇرشۇپ قالدى بۇ كۆزلەر ماڭا ناھايتى تونۇش ئىدى، دەل گىگانىت ئۆمچۈكنىڭ كۆزى يەنە قىپ ـ قىزىل كىپىنەك ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەن ھىلىقى ئوتتۇرياش ئايالنىڭ كۆزى دەل شۇ ئىدى.....قىلىچنى ئىلىپلا ،،،،،

ـ ئۆزىگىزنى ئاسراڭ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى،ھەسەن ئەرۋاھ

خەنجىرنى كىچىك جادىگەرگەبىرىۋەتكىنىمگە ھەرانلىق بىلەن قاراپ قالغان ئىدى....بوينۇمدىكى قاشتىشى تۇمارنى ئىلىپ نۇربىيەنىڭ بويىنغا ئىسىپ قويدۇم،نۇربىيە نىڭ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى...

ـ بىز يەنە كۆرشەلەمدۇق..؟قولىرىم بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرنى سۈرتىۋەتكەچ ...

ـ چوقۇم كۆرشۈمىز مەن يوق چاغلاردا بۇقاشتىشى تۇمار سىزگە ھەمرا بولسۇن ...!ھەراس ئەسكى قىز بۇندىن كيىن ھەرگىز ياش توكمەڭ ،مەن يىغلاڭغۇ قىزلارنى ياقتۇرمايمەن...ـ ئۆزىنگىزنى ئاسراڭ.....شۇنداق دەپلا سومكامنى كۆترۈپ يۈرۈپ كەتتىم ھىلمۇ ياخشى سىستىرا قىزغا نەچيۈزسوم بىرىپ بىر قۇتا چۈمادۇ دورىسى ئەكىرگۈزگەنتىم ،بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى ھەقىيقەتەن ياخشى بولۇپ ئەغرىق توختىتاتتى....شۇنداق قىلىپ بىكەتكە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم...

چوڭ تىپتىكى قورقۇنۇچلۇق ئەسەر«هالاكەت ئارخىپى»نىڭ 1 ـ بۆلمى مۇشۇيەردە ئاخىرلاشتى. كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپ پىكىر بېرىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن.

بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ بۆلمى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەڭ نادىر ۋەھىملىك ئەسەرلەرنى ئوقۇماقچى بولسىڭىز ئىپتىخار مۇنبىرىگە مەرھەمەت قىلىڭ.